# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى

## (ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

2

1985

دىققەت: كالېنداردىكى ھىجرىيە يىلىنىڭ مەتبەئەدە بېسىلماي قالغان 710- يىل ئاي،

كۈنلىرى تۆۋەندىكىچە :

| 710<br>1310—1311 |
|---|
| 31.5.1 |
| 30.6.3 |
| 29.7.4 |
| 28.8.6 |
| 26.9.7 |
| 26.10.2 |
| 24.11.3 |
| 24.12.5 |
| 22.1.6 |
| 21.2.1 |
| 22.3.2 |
| 21.4.4 |

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى

(ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

2 - سان

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى.

ئومۇمىي 22 - سان


## مۇندەرىجە


1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ...... توختارقان ئەخمەتجان 1

2. تۇۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش خەلق ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى ...... ئابلىز ئىمىن 15

3. پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ...... رازاق تۆمۈر 23

4. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى بايانلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇھاكىمە ...... مەخسۇت ئەكبەر 33

5. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ھەربىي كۆز قاراشلار توغرىسىدا ...... ھاجى نۇرھاجى 42

6. ئۆلچەم لوگىكىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى ...... رازاق مەتنىياز 48

7. ئالائىددىن ئەتامەلىك جۇۋەينى ۋە «تارىخ جاھان كۇشاي» ...... ئابلەمەت روزى 57

8. قىزىل مىڭ ئۆيدىكى «يارالمىش قىسسىسى» رەسىملىرى توغرىسىدا ...... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 63

9. قۇم ئاستىدىكى شەھەر — قېدىمقى نىيە خارابىسى ...... سابىت ئەخمەت، ئەخمەت رىشىت 73

10. تۆمۈرلەر دەۋرىدىكى ئىلىم - پەن ئەدەبىيات - سەنئەت ...... مۇھەممەت يۈسۈپ 82

11. يەنە «كېلىش» كاتېگورىيىسى توغرىسىدا ...... غاپپار مۇھەممەت 92

12. ئۇيغۇر تىلىدىكى «كېلىش» مەسىلىسى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى ...... 109

13. ئوقۇش پۇتتۇرۇش رىفاراتىنى قانداق يېزىش توغرىسىدا مەسلىھەت ...... ھىمىت مەخسۇت 112

14. «ئېتنوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە ...... ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 127

15. 352 مىلادىيە كالېندارى بىلەن ھىجرىيە كالېندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ...... يۈسۈپ نۇربىلى 131

**新疆大学学报** 季刊 一九八五年第二期

（哲学社会科学版） （总第22期）

1.论贯彻民族区域自治法……………………………………………托合塔尔汗·艾合买提江

2.发展商品经济是国民经济现代化的必要条件……………………………阿布力孜·伊明

3.浅谈利改税改革的有些问题…………………………………………………拉扎克·铁木尔

4.《福乐智慧》中关于国家政权论述的初探…………………………马合苏提·艾克巴尔

5.关于《福乐智慧》中的军事观点……………………………………………阿吉·努尔阿吉

6.规范逻辑及其应用…………………………………………………………拉扎克·买提尼牙孜

7.关于A：A、志费尼及其史书《世界征服者史》…………………………阿布力米提·肉孜

8.关于克孜尔千佛洞降生演义的壁画……………………………………阿·木·沙依拉米

9.沙漠里的城市——古尼雅遗址……………………………………………沙比提·艾合买提

……………………………………………艾合买提·热西提

10铁木尔时期的科学与文艺 …………………………………………………买买提·玉苏甫

11.又论“格”的范畴……………………………………………………………阿帕尔·木汗木提

12.进一步开展维吾尔语中的“格”的研究…………………………………………本刊编辑部

13.商谈怎样写好毕业论文……………………………………………………依米提·买合苏提

14.关于成立民俗学学会的倡议书………………………………………中文系民族文学研究室

15.回历与公历对照表……………………………………………………………玉素甫·乌尔毕力

# «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

توختارخان ئەخمەتجان

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ۋەقە. بۇ قانۇن پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدا تۈزگەن، ئەمەلىيەت سىنىقىدىن ئۆتكەن توغرا سىياسەتلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىش يولى بىلەن بېكىتىلىشى بولۇپ، قانۇندا، ئېلىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ۋە يېتىلگەن ھەمدە «4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشى، يېڭى دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تەلەپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇشنىڭ، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە قانۇن تۈزۈم قۇرۇلۇشلىرىدىن تەركىب تاپقان ئومۇمىي سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ قانۇنىي ئاساسىي ۋە قانۇنىي كاپالىتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلاردا ئاساسىي قانۇندىن قالسىلا 2- ئورۇندا تۇرىدۇ، باشقىچە ئېيتساق، «كىچىك ئاساسىي قانۇن» ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئېلىمىزنىڭ جۇڭگوچە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئاپتونومىيە جايلارنىڭ ھەممە خىزمىتىنىڭ قانۇنىي ئاساسى، شۇنداقلا ئاپتونومىيە جايلاردىكى قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ئاساسى. ئاپتونومىيە جايلاردىكى قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى ئۆز پائالىيەتلىرىدە بۇ قانۇنغا ئاساسلىنىشى، بۇ قانۇننى جان تىكىپ قوغدىشى ۋە نەمۇنىلىك بىلەن ئاكتىپ ئىجرا قىلىشى لازىم. بۇ جەھەتتە ئىشلەيدىغان خىزمەتلەر ئىنتايىن كۆپ. مېنىڭچە نۆۋەتتە مۇنۇ مەسىلىلەردە كۆپرەك كۈچ چىقىرىش كېرەك:

1 - «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، كونا ئادەت كۈچلىرىنى يېڭىپ، يېتەكچى ئىدىيىنى داۋاملىق توغرىلاپ، سىياسىي - قانۇن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش يولىدا تىرىشىش لازىم.

جكپ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى «سول» يېتەكچى ئىدىيە پېپەن قىلىنىپ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرى، سىياسىي - قانۇن خىزمىتىدىمۇ ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلدى، بۇنىسى شەك - شۈبھىسىز، لېكىن رايونىمىزدا ۋە رايونىمىزدىكى سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىدىكى بىرقىسىم كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىدە «سول» ئىدىيىنىڭ، بولۇپمۇ مىللىي مەسىلە ۋە مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. بۇ هال رايونىمىزدا قانۇن تۈزۈش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتە، يامان، پاسسىپ رول ئوينىماقتا. بۇنداق «سول» ئىدىيە كىشىلەردىن ئازات بولمىغانلار مىللىي مەسىلە ۋە مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بارغان، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئۇچىغا چىققان «سول» ئىدىيىنىڭ ئېغىرلىقىنى، بۇنىڭ مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا كاشىلا هەم بۇزغۇنچىلىق رول ئوينىغانلىقىنى تونۇپ كېتەلمىدى، بىرقىسىم يولداشلار رايونىمىزدا ئۇزۇن يىل ئىشلىسىمۇ رايونىمىزنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى، ئىقتىسادىنى ۋە هازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىنى، خۇسۇسىيەتلىرىنى بۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمىمىزگە بولغان ئېغىر تەسىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئەقلى بىلىمگە ئىگە بولالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كاللىسىدا يەنە كونا ئىدىيە، كونا كۆزقاراش، كونا ئادەت، كونا رامكا، كونا ئۇسۇل ۋە كونا ئىستىللارنىڭ تەسىرى ئېغىر بولغاچقا، مەركەزنىڭ سىياسەتلىرى بىلەن دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىنى رايونىمىزنىڭ ۋە رايونىمىزدىكى باشقا ئاپتونومىيە جايلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا تەتبىقلاپ، ئىجادىي يوسۇندا جانلىق ئىجرا قىلىشنى بىلمەي، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بىرتاياقتا هەيدەشكە بېرىلدى. كەسىپكە يېتەكچىلىك قىلىش ئىدىيىسىنى هەقىقىي توغرىلاپ، سىياسىي - قانۇن خىزمىتىدە يەنىمۇ زور نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن، بۇ پاسسىپ ئامىللارنى تۈگەتمەي بولمايدۇ.

(1) سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىدىكى كادىرلارغا مەركەزنىڭ لۇشەن، فاڭجېن ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرىنى ئاكتىپ، توغرا ئىجرا قىلىپ، مەركەز بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەك بولۇش توغرىسىدا داۋاملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنى شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، توغرا تەتبىقلاپ، ئىجادىي يوسۇندا جانلىق ئىجرا قىلىش لازىم.

سىياسىي - قانۇن خىزمىتىدە كەسپىي يېتەكچى ئىدىيىنى هەقىقىي توغرىلاش ئۈچۈن، كەڭ كادىرلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى جۈملىدىن 2 پەيىنى تەلتۆكۈس ئىنكار قىلىش تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، تەرەپبازلىقنىڭ تەسىرلىرىنى هەقىقىي تازىلاپ، پارتىيىۋىلىكنى هەقىقىي كۈچەيتىش لازىم.

سىياسىي - قانۇن كادىرلىرىغا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى بىلەن پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى توغرىسىدا داۋاملىق، ئەتراپلىق چوڭقۇر

تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيە سەۋىيىسى بىلەن سىياسەت سەۋىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش لازىم.

(2) دىيالېكتىكىلىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەيدىغان ھەمدە ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدىغان توغرا ئىدىيۋى لۇشيەنني مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، رايونىمىزنىڭ ۋە رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى، ھازىرقى ئەھۋاللىرىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى (ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىدىيە، پسىخولوگىيە، ئۆرۈپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقات ۋە باشقىلار) مىللەتلەرنىڭ قانۇن توغرىسىدىكى كۆزقارىشى، ئىدىيىسى ئادىتى ۋە قانۇن تۈزۈملىرىنى، مىللەتلەر ئارا پەرقلەر بىلەن مىللىي مۇناسىۋەتلەر ۋە باشقىلارنى، بۇ ئامىللارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمىمىزگە بولغان تەسىرلىرىنى تەپسىلىي، ئوبدان تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي خۇلاسىلار چىقىرىشىمىز، بۇلارنى دۆلەت قانۇن، قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسي قىلىشىمىز لازىم.

(3) مەركەزنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان ئەزەلدىن بۇيانقى سىياسەتلىرىنىڭ روھىغا ۋە كۆپ يىللىق تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسلانغاندا، مىللىي رايونلار ۋە ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا مەركەزنىڭ سىياسەتلىرى ۋە قانۇنلىرىنى تەدبىقلاپ ئىجراقىلىشتا ئومۇمەن كەڭ بولۇش پىرىنسىپىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم. چۈنكى ئەزەلدىن ئازسانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان سىياسەت ۋە قانۇنلارنى تۈزۈشتە ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشتا، ھەرقانداق ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كەڭ بولۇش پىرىنسىپىنى قوللىنىپ كەلدى. نەچچە ئون يىللىق تەجرىبىلەر پارتىيىنىڭ سىياسىتى بىلەن دۆلەت قانۇنىنى ئىجرا قىلغاندا كەڭ بولۇش پىرىنسىپىنى قوللانغاندا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئىنقىلاپ، قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ، پارتىيە، دۆلەت ۋە ئازسانلىق مىللەت خەلق ئاممىسىغا زورپايدا يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى (بۇ 3 جەھەتنىڭ پايدا-زىيىنى ئەسلىدىن بىر پۈتۈن ئايرىلماس گەۋدە) ئەكسىچە تاربولغاندا ياكى مەركەزنىڭ روھىدىن چەتنەپ نامۇۋاپىق يەرلىك سىياسەتلەرنى بازارغا سالغاندا ئىشنى بۇزۇپ، پارتىيە، دۆلەتكە ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيان سالىدىغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى رەنجىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇھالنى بۇرۇنقى تەجرىبە ساۋاقلار ئەمەس، يېقىنقى يىللاردا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بەزى ماجرالارنى ھەل قىلىشتىكى تەجرىبىلىرىمىزمۇ تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. (1) ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئېلىمىز نوپۇسىنىڭ 5، 6 پىرسەنتىنىلا تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار چېگرا رايونلاردا ياشايدۇ. (2) ئېلىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ پەرقى ئىنتايىن زور. ئازات بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئېلىمىزدىكى مىللەتلەردىن ئىنسانىيەت بېسىپ ئۆتكەن ھەممە تارىخىي دەۋرلەرنى تاپقىلى بولاتتى. (3) ئازسانلىق مىللەتلەر كۆپىنچە دۆلەتنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ياشايدۇ. چەت بىلەن مەلۇم ئۆزىگە خاس مۇناسىۋىتى

(مەسىلەن: تۇققانچىلىق) ۋە چەتنىڭ مەلۇم تەسىرى بولىدۇ. شۇڭا بۇجايلار «سەزگۈرلىكى
كۈچلۈك جاي» ھېساپلىنىدۇ. ئىچكى - تاشقى جەھەتتە مەلۇم تەسىر قوزغايدۇ. (4)
يەنە ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىچكى ئىجتىمائى
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئۆزىگە خاس پىرىنسىپلىرى، قانۇنى - قائىدىلىرى، يولى شەكىل-
لەنگەن. بۇ مەسىلىلەر كۆپىنچە دىن بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بۇلار ۋە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان
تۈرلۈك ئامىللار، سىياسەتكە ۋە دۆلەت قانۇنلىرىغا زور دەرىجىدە تەسىر قىلىدۇ. (5)
ئىلمىزدە پارتىيە رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللى مۇناسىۋەت مۇستەھكەم ئورنى-
تىلغان بولسىمۇ، ئۇزۇن تارىختا شەكىللەنگەن مىللى ئايرىمىلىق تەسىرى تېخى تۈگەپ
كەتمىدى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈگەپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. لېنىن ئېيتقاندەك:
ئازسانلىق مىللەت كىشىلىرى ئومۇمەن چوڭ مىللەتكە نىسبەتەن سەزگۈر، گۇمانخور،
ئاداۋەتچىلىك، كۆڭلى تار بولىدۇ. شۇڭا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىنى قولغا
كەلتۈرۈش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. كەڭ بولۇش بۇنىداق ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈشكە
پايدىلىق، تار بولۇش پۈتۈن ئىشنى جۇملىدىن مىللى مۇناسىۋەتنى بۇزىدۇ-دە، ياخشى
ئىش يامان ئىشقا ئايلىنىش مۇمكىن. شۇڭا بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مەركەزنىڭ سىياسەتلىرى-
دە ئاساسى قانۇندا، قانۇنلاردا، ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن
كەڭ بولۇش پىرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇنداق كەڭ بولۇش قانچىلىك دائىرىدە
بولىدۇ؟ مانا بۇ كونكرېت مىللەت ۋە كونكرېت مەسىلىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ ۋە پەرق-
لىق بولىدۇ. بۇنداق كەڭ بولۇشنى قانۇن تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىشنىڭ ھەممە جەريانىغا
تولۇق سىڭدۈرۈش، ھەتتا جىنايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ ئۇلارنى باشقۇرۇپ
ئۆزگەرتىشتىمۇ قوللىنىش كېرەك، مەركەز جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە
بېرىش ھەركىتى جەريانىدا ئازسانلىق مىللەتتىن چىققان جىنايەتچىلەرنى بىر تەرەپ
قىلىشتا ئومۇمەن كەڭ بولۇش دېگەن سىياسەتنى يېڭىۋاشتىن تەكىتلىدى. بەزىلەر بۇ
سىياسەتنى قانۇنغا، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن پىرىنسىپقا خىلاپ
دەيدۇ. مانا بۇ كۆز قاراش سىياسەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا خاتا بولۇپلا قالماستىن، قانۇن
نۇقتىسىدىمۇ خاتا. بۇنداق كۆز قاراشتىكى يولداشلارنىڭ ئەكسىچە، بۇ سىياسەت ئەسلىدە
«قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپ - باراۋەر» دېگەن پىرىنسىپنى ھەقىقى گەۋدىلەندۈرىدۇ.
چۈنكى قانۇن بەزى ئەمەلى تەڭسىزلىكنىمۇ ھېساپقا ئالىدۇ. ئازسانلىق مىللەتلەر سىياسىي
جەھەتتە باراۋەر بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە باراۋەرسىزلىك ئورۇنىدا تۇرىدۇ، سوتسىيالىزىم دەۋرى-
دىكى مىللى مەسىلە دېگەننىڭ ماھىيىتى - مىللەتلەرنىڭ تارىختىن بىزگە مىراس بولۇپ
قالغان، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلىپ كېتىش تەس بولغان مەسىلىنى يەنى مىللەتلەرنىڭ
ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكىنى تەدرىجى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە خەنزۇ
مىللىتىگە نىسبەتەن ئازسانلىق مىللەتلەر «كىچىك بالا» ياكى ياش كىشىگە ئوخشاپ
كېتىدۇ. بىزنىڭ قانۇنلىرىمىزدا يېشى كىچىك بالا، 18 ياشقا تولمىغان ياشلارغا كەڭ

بولۇش پىرىنسىپى قوللىنىلغىنىغا ئوخشاش، كەڭچىلىك قىلىش پىرىنسىپىنى قوللىنىش ئېقىلغا ئىنتايىن مۇۋاپىق. جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى جازالاشتىن مەخسەت ئامانلىقىنى ساقلاش. ياخشىلاشتىن ئىبارەت. كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش مىللى تېرىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلاردا دەل بۇ مەقسەتكە پايدىلىق، قاتتىق بولۇش ئەكسىچە بۇ مەقسەتكە پايدىسىز بولۇشى مۇقەررەر، بۇ مەسىلىنى چۈشەنمەي مەركەزنىڭ بۇ سىياسىتىنىڭ روھى ماھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلمەسلىك ھەتتا زىتلىشىش ۋە قارشىلىشىش كەيپىياتىدا بولۇش (ئۇنىدىمەي، ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلماسلىق بىر خىل زىتلىشىش، قارشىلىشىش بولىدۇ) «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس، بۇ مەركەز سىياسىتىنىڭ ئاساسى - قانۇنىنىڭ، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ (ئۇنىڭدا مىللى رايوندا ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىش ياكى قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقىرىش كۆرسىتىلگەن) ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئاساسىي روھىغا خىلاپ، شۇڭا ئۇ مەركەز بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەك بولماسلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولىدۇ، خالاس.

2 - ئاپتونوم رايون ۋە رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئاپتونوم جايلاردا قانۇن تۈزۈش خىزمىتىنى ھەقىقى كۈچەيتىش لازىم.

سوتسىيالىزىم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي دەۋر ئېلىمىزدە چوقۇم ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغۇسى. ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى دەۋرى، ئوتتۇرا دەۋرى ۋە تەرەققى قىلغان سوتسىيالىزىم دەۋرى دېيىلگەن بىرنەچچە باسقۇچلارغا بۆلۈنىشى مۇمكىن. سوتسىيالىزىم قۇرۇشنىڭ پۈتۈن دەۋرىدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دېگىنىمىز - ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 3 چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇكسەك ماددى مەدەنىيەتكە، يۇكسەك مەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋە يۇكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش دېگىنىمىز ئەنە شۇ. بۇلارنىڭ بىرسى كەم بولسا سوتسىيالىزىم قۇرغىلى بولمايدۇ. قانۇن دېگىنىمىز - ھۆكۈمران سىنىپ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى. ئۇ دۆلەت شەكلى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىنىدۇ. سوتسىيالىزىم شارائىتىدا دۆلەتنىڭ غوجىسى بولغان خەلق ئۆز دۆلىتى ئارقىلىق ئۆز ئىرادىسىنى قانۇن ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەپ، يەنى ئاساسى قانۇن ۋە ھەر خىل قانۇن - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، مۇكەممەل قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى قەتئى ئىجرا قىلىش يولى بىلەن سوتسىيالىزىم تۈزۈمىگە ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرگۈزۈلىشىگە ھەقىقى كاپالەتلىك قىلىشى لازىم، ئوخشاشلا ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئاپتونوم جايلاردا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوغداش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئوبدان يۈرگۈزۈش ئۈچۈن قانۇن - تۈزۈملەرگە تايىنىشى كېرەك. شۇڭا ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە دۆلەت قانۇنلىرىنىڭ روھىغا خىلاپ كەلمەسلىك شەرتى بىلەن ئۆز جايىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا ئاساسلانغان يەرلىك قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەڭ زور ۋە ئەڭ ماھىيەتلىك

ھوقۇقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاپتونوم جايلارغا ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەتكە قارىغاندا خېلى چوڭ ھوقۇق بېرىلدى. مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «مىللى تېررىتورىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇننىڭ ئۈچىنچى باپ بەشىنچى پاراگرافىدا بەلگىلەنگەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قانۇندا ۋە مۇشۇ قانۇندا ھەم باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىدۇ»،① ئاساسىي قانۇندا مۇنۇلار تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

1) مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ مەركەزگە ياكى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقۇرى دۆلەت ئورگانلىرىغا تەستىقلىتىپ ئىجرا قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

2) «يۇقۇرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق، يوليورۇقلىرى ئەگەر مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالسا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ يۇقۇرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىشقا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختۇتۇشقا ھوقۇقلۇق»②

3) «مىللى ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆزجايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئاساسىي-قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلماسلىق پىرىنسىپى ئاستىدا ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھوقۇقلۇق»③

مەسىلەن: ئېلىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم قانۇنلىرىدىن بىرى بولغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمەلەر تولۇق مۇۋاپىق كەلمەيدىغان مىللى ئاپتونوم جايلاردا ئاپتونوم رايونلۇق ياكى ئۆلكىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى شۇجايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋە مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي پىرىنسىپلارغا ئاساسەن، باشقىچە ئىجرا قىلىنىدىغان ياكى قوشۇمچە قىلىنىدىغان بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى-كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەزگەندىن كېيىن يولغا قويسا بولىدۇ.»④ ئاندىن قالسا، ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ئۇ يەنە تولۇقلىنىدۇ. پارتىيە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ۋە ئىسلاھات يۈرگۈزۈش جەريانىدا چىققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە ئاساسەن، مىللى رايونلاردا يېڭى مىللى سىياسەتلەر، قارار، بەلگىلىمىلەر چىقىرىدۇ، بۇلار تەدرىجى يوسۇندا قانۇن شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلۇپ بارىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بويان قانۇن تۈزۈش خىزمىتىدە مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا قانۇن چىقىرىش خىزمىتى

يەنىلا قالاق ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، جىنايى ئىشلارغا دائىر 2 قانۇن چىقىرىلغىلى 5 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەن ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ 2 قانۇن توغرىسىدا تېخىچە ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىدىغان بەلگىلىمىلەر بىلەن قوشۇمچە بەلگىلىمىلەر چىقىرىلمىدى. ئەمەلىيەتتە قانۇن تۈزۈش خىزمىتىنىڭ قالاقلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش سىياسىي - قانۇن ساھەسىدىكى جىددىي ۋە ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە. نۆۋەتتە جىددىي زۆرۈر بولغان قانۇنلار مۇنۇلار دەپ ھېسابلايمەن:

1) «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە مەخسۇس قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىش لازىم، ئالدى بىلەن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىللە قالغان ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ ئاپتونوم ھوقۇقىنى، شۇنىڭدەك تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە بۇ ھەقتىكى ئاساسى پىرىنسىپلار ئاپتونوم رايون نىزامىغا كىرگۈزۈلۈشى لازىم.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم جايلارنىڭ ئىقتىسادى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىنىدىغان ياكى قوشۇمچە قىلىنىدىغان بەلگىلىمىلەر ۋە يەرلىك قانۇنلار- نى تۈزۈش ئىشى رايونىمىزدا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوغداش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ جىددىي تەلىۋى. «ئوتلاق قانۇنى» نى تۈزۈش، «ئورمان قانۇنى» غا قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقىرىش، سودا - سانائەت، مىللى مەدەنىيەت مىللى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قوغداش قانۇنىنى چىقىرىشمۇ مۇھىم بىر خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش ۋە جازالاش نىزامىغا ئوخشاش دۆلەتلىك قانۇنلار توغرىسىدا ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىش ياكى قوشۇمچە قىلىش بەلگىلىمىلىرىنى چىقىرىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. دېمەك، قانۇنلارنى شىنجاڭنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر- نىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا چۈشەرلىك بىلەن تەدبىقلاپ، قانۇنلارنىڭ ئىجتىمائى ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش جىددىي بىر مەسىلە.

3) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە خىزمەت تارماقلىرىنىڭ قانۇن، نىزام، بەلگىلىمە، قارار چىقىرىش خىزمەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئورگانلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش لازىم.

4) ج خ ۋە قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ئورگانلار قانۇن چىقىرىشتىكى ئېقىلچىلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھەممە نەرسە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. ج خ، تەپتىش،

سوتقا ئوخشاش قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ئورگانلار قانۇننى ئىجرا قىلىشتا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. نۇرغۇن يېڭى تەدبىرلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتىن قانۇن چىقىرىش ياكى قانۇنلارنى تولۇقلاشقا پايدىلىق ئاساسلارنى تاپقىلى بولىدۇ.

5) قانۇن ۋە تەتقىقات ئورگانلىرى ۋە قانۇن شۇناسلىق جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇپ، قانۇن تەرەققىياتىنى كۈچەيتىش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە باشقا ئاپتونوم جايلاردىمۇ بۇ جەمئىيەتنىڭ شۆبىلىرىنى قۇرۇش لازىم. بۇ جەمئىيەتلەر قانۇن ساھەسىدىكى بىلىم ئىگىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى سەپەرۋەر قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. دۆلەتلىك ئازسانلىق مىللەت قانۇنى تەرەققىيات ئورگىنى قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايوندا مەخسۇس قانۇن تەرەققىيات ئورنى قۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇنداق مەخسۇس ئورگاننىڭ ئاشكارە چىقىرىدىغان قانۇن ژورنىلىنىڭ تاھازىرغىچە يوقلىقى كىشىنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بۇنداق نورمالسىز ئەھۋال تېز تۈزىتىلىشكە تېگىشلىك.

3 - قانۇن تۈزۈش ئورگانلىرى بولۇپمۇ قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ئورگانلار مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ ۋە ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.

بۇ جەھەتتە ئازاتلىقتىن بۇيان، بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان، نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. لېكىن ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ۋە يېڭى دەۋرنىڭ تەلىۋى ھەمدە ئەمەلىي خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا قارىغاندا بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى ئاساسىي مەسىلىلەر شۇكى، بىر قىسىم ئورگانلاردا بولۇپمۇ ج خ ئورگانلىرىدا مىللىي رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ مىللىي بىرىنچى قول باشلىقلار ئاز، قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىدە بولۇپمۇ ئاپتونومىيىلىك يۇقىرى ئورگانلىرىدا مىللىي كادىرلارنىڭ نىسبىتى ئوخشاش بولمىغان ھالدا ئاز، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي - قانۇن ئورۇنلىرىدا باشقا ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى تېخىمۇ ئاز. تېخىمۇ مۇھىمى مىللىي كادىرلارنىڭ بىلىم ۋە كەسپىي سەۋىيىسى ئومۇمەن ئالغاندا خېلى تۆۋەن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بىلىم ۋە كەسپىي سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇشتىن تاشقىرى، خېلى بىر قىسمىنىڭ يېشى چوڭ، بىر قىسىم مىللىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىدە «سول» چىللىق تەسىرى خېلى ئېغىر. شۇنى بىلىش لازىمكى، سىياسىي - قانۇن ئورۇنلىرىدا مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، مىللىي رايونلاردا قانۇن خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ بېرىشنىڭمۇ زۆرۈر شەرتى، چۈنكى مىللىي كادىرلار ئومۇمەن ئەھۋالنى ياخشى ئۇقىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىلەن ئالاقىسى زىچ، مىللىي تىلنى بىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاۋال ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرىدا ئاساسىي مىللەت بولغان ئۇيغۇر كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، سەپلەش ۋە ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى

چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك، بولۇپمۇ كۆپ ئاپتونومىيىلىك جاي بولۇشتەك خۇسۇسىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئۇيغۇرلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ - يېتىشتۈرۈش، سەپلەش ۋە ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ - يېتىشتۈرۈش، سەپلەش ۋە يۈرەكلىك ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مۇھىمى مۇنۇلارنى ئىشلەش لازىم.

(1) «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 18 - ماددىسىدىكى «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قارىمىقىدىكى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ كادىرلىرى ئىمكان قەدەر تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خادىملىرىدىن قويۇلۇشى كېرەك» دېگەن بەلگىلىمە بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋە باشقا ئاپتونوم جايلاردىكى قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ بولۇپمۇ ج خ ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك تەركىبى ۋە خادىملىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇشى لازىم. بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، سىياسىي قانۇن ساھەسىدە ئاپتونوم ئورگانلىرىدىكى خىزمەت تارماقلىرى دەپ ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق قانۇن ئورگانلىرى ۋە ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەردىكى قانۇن ئورگانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلار قارىمىقىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە مىللىي كادىرلارنىڭ كۆپ بولۇشى ياخشى ئەھۋال، لېكىن بۇ ئاپتونوم ئورگانلار ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى تارماقلاردا مىللىي كادىرلارنىڭ ئىمكان قەدەر كۆپرەك قويۇلغانلىقى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. شۇڭا ئاپتونوم جايلاردا مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش - سەپلەش ۋە ئۆستۈرۈشتە مۇھىم نۇقتا ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك سىياسىي - قانۇن خىزمەت تارماقلىرى بولۇشى لازىم، بۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، بۇ تارماقلاردا مىللىي كادىرلارنىڭ ئاز بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونلۇق قانۇن تارماقلىرىدا باشقا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئاز ياكى يوق بولۇشتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت دەپ ھېساپلايمەن.

(2) سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ روھىنى تولۇق جارىي قىلىش لازىم. ئازادلىقتىن بۇيان يەرلىك مىللەت كادىرلىرى ھەر خىل سىياسىي ھەركەتلەر، بولۇپمۇ يەرلىك مىللەتچىلىك ۋە چەتكە باغلىنىش ھەركىتىگە قارشى تۇرۇش جەريانىدىكى ئېغىر ھالدا يۈز بەرگەن كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى سەۋەبىدىن بىر قىسىم مىللىي كادىرلاردا ھېلىمۇ قورقۇش ئىدىيىسى ئېغىر بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك مىللىي كادىرلارنى قورقۇش روھىي ھالىتىدىن، «سول» ئىدىيە كىشەنلىرىدىن ئازات قىلىپ، خىزمەتنى يۈرەكلىك

ئىشلىيەلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىش لازىم. مىللىي كادىرلاردا تۇغۇلغان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئادەتتە سالماقلىق بولۇش ۋە توغرا تەرەپتىن تەربىيە بېرىش، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىش لازىم. ئەلۋەتتە ئىنتايىن ئېغىر مەسىلىلەرگە نىسبەتەن جازالاش، ھەتتا قانۇنىي جاۋاپكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىمۇ كەڭرەك بولۇش روھى بولسۇن، مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ، ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىشتىكى تەلەپ ۋە شەرت جەھەتتىن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ كادىر سانى ئاز، مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئارقىدا قالغانلىق ئەمەلىي ئەھۋالىنى ھېساپقا ئېلىپ، خەنزۇ كادىرلارغا نىسبەتەن تۆۋەنرەك بولۇشى لازىم. ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى تېخىمۇ ئاز، شەرت-شارايىتى ناچار مىللەتلەرگە تېخىمۇ كەڭ بولۇشى زۆرۈر.

(3) سىياسىي-قانۇن ساھەسىدىكى مىللىي كادىرلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە كادىر تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ھالقىلىق بىر مەسىلە. ھازىر بار مىللىي كادىرلارنىڭ بىلىم ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇلارنى خىزمەت جەريانىدا كەسپىي ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ بىلىم ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە كادىر تەربىيىلەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا قانۇنچىلىق مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش ۋە بۇنىڭدا ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي-قانۇن باشقۇرۇش شۆبىسىنىڭ تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئۇنىڭدىن باشقا شەرت-شارائىتى بار داشۆلەردە قانۇن فاكۇلتېتى، قانۇن سىنىپلىرى ئېچىش، قانۇن تارماقلىرىنىڭ ھەر قايسىسىدا ئۆزىنىڭ مەكتىۋى بولۇشى، شەرت-شارائىتى بار ئوبلاستلاردىمۇ قانۇنچىلىق مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش كېرەك. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىچىدە خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغانلارنى مەركەز ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قانۇن-تەربىيە ئورۇنلىرىغا كۆپرەك ئەۋەتىپ تەربىيىلەش لازىم.

4 - سىياسىي-قانۇن تارماقلىرى ئازسانلىق مىللەتلەر تىل يېزىقىنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىش جەھەتتە نەمۇنىلىك رول ئوينىشى لازىم.

تىل كىشىلەر ئارا ئالاقە قىلىش قورالى. كىشىلەر ئارا ئالاقە قىلىدىغان قورال بولمىسا، جەمئىيەتمۇ بولالمايدۇ. ئىنسانىيەت-ئىنسانىيەتمۇ بولالمايدۇ. مىللىي تىل-مىللەتلەرنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم بەلگە. مىللىي تىل بولمىسا مىللەتمۇ بولمايدۇ. ئېلىمىزدە ئاساسىي تىل خەنزۇ تىلىدىن باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئۆز ئانا تىلى بار. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقى خېلى تەرەققىي تاپقان. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىۋەگە ئوخشاش مىللىي ئاپتونومىيە ئالغان مىللەتلەرنىڭ مۇكەممەل مىللىي تىلى بولۇپ قالماستىن، ئۆز يېزىقى، ئەدەبىي تىلى بار،

ئاخبارات، نەشرىيات ۋە مەدەنىيەت، مائارىپتا ئۆز مىللىي تىلىنى كەڭ ئىشلىتىدۇ. دېمەك، بۇ مىللىي تىللارنىڭ جەمئىيەتتىكى بولۇپمۇ شۇ مىللەت ئاممىسى ئىچىدىكى رولى ئىنتايىن زور. ئەگەر ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى تەرەققىي قىلدۇرۇلمىسا، ئۇنىڭ ئالاقە قىلىش قورالى بولۇشتەك رولى تولۇق جارى قىلىنمىسا، ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى دېموكراتىك ھوقۇقىدىن ئوبدان بەھرىمەن قىلىش، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئوبدان يۈرگۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي - مائارىپ، ئاخبارات، نەشرىيات ئىشلىرىنى رۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئىلغار، مەدەنىيەتلىك مىللەت، زامانىۋى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، قىسقىسى تىل مىللەتلەرنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ ۋە راۋاجلىنىپ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىدىن بىرى. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىغا سەل قاراش پۈتۈن مىللەتكە سەل قارىغانلىق، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قارىغانلىق، ئۇلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا، قىسقىسى، مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەل قارىغانلىق بولىدۇ. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى يوققا چىقارغانلىق پۈتۈن مىللەتنى يوققا چىقارغانلىق بولىدۇ. لېكىن دۆلەت ۋە سىنىپنىڭمۇ تارىخىي ئۇزۇن بولغان مىللەتتىن ئىبارەت «ئورتاق گەۋدە» نى يوققا چىقىرىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنىڭ مۇھىملىقى ۋە بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن كوممۇنىزمچىلارنىڭ تونۇشتا تېگىشلىك پوزىتسىيىسى توغرىسىدا ئۇلۇغ لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «كىمكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ۋە تىل باراۋەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرمايدىكەن، تۈرلۈك مىللىي زۇلۇمغا ياكى تەڭسىزلىككە قارشى كۆرەش قىلمايدىكەن، ئۇ ماركسىزمچى بولالمايدۇ. ھەتتا دېموكراتىزمچىمۇ بولالمايدۇ.» پارتىيىمىز ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق مەسىلىگە ئەزەلدىن ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىنى قوغداپ كەلدى ھەمدە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىتلار يارىتىپ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەردى، بۇ پرىنسىپ پارتىيە نىزامنامىسىغا ۋە ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونومىيە قانۇنىدا پارتىيە سىياسىتى ۋە ئاساسىي قانۇندىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇلدى. ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 4- ماددىسىدا مەخسۇس ياكى ئاساسلىق قىلىپ مىللىي تىل يېزىق مەسىلىسى سۆزلەندى. باشقا بەزى ماددىلاردىمۇ ئازسانلىق مىللەت تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش قوشۇمچە تەرىقىسىدە سۆزلەندى. مىللىي تىل - يېزىقتىن ئايرىلغاندا، ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىش توغرىسىدا سۆز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئالدى بىلەن سىياسىي - قانۇن ساھەسىدىكى كادىرلار ھەممىدىن بۇرۇن رەھبىرى

كادىرلار قانۇن ساھەسىدە مىللىي تىل - يېزىقنى كەڭ ئىشلىتىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، بىر قىسىم كادىرلارنىڭ ئەمەلىيىتىدە مىللىي تىلنى ئىشلەتمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش لازىم.

1) سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 21 - ماددىسىدىكى «مىللىي ئاپتونومىيە جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىشتا شۇ جايدا كەڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل تىل - يېزىقنى ئىشلىتىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە قەتئىي ۋە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى خىزمەت بېجىرىشىدە مىللىي تىلنى كەڭ ئىشلىتىش لازىم. قانۇن ئورگانلىرىدىن چىقىدىغان قانۇن - نىزام، ئەمىر - پەرمان، بەلگىلىمە، خەت - ئالاقە خەنزۇچە يېزىلسا، دەرھال مىللىي تىلغا، مىللىي تىلدا يېزىلسا، خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان ۋە جەمئىيەتتە ئېلان قىلىنغان چاغدا خەنزۇچىسى بىلەن مىللىي تىلدىكىسى بولۇشى ۋە بىر ۋاقىتتا تارقىلىشى ياكى ئېلان قىلىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، ئاساسىي قانۇن ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، قانۇنسىز، ئىناۋەتسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ھۆججەتلەر - خەتلەرنى مىللىي تىلغا تەرجىمە قىلغاندا ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ناھىيىلەردە ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىلىنى ئاساس قىلىشتىن باشقا بەزى يېزىقى بار مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى قوشۇمچە تەرىقىسىدە ئىشلىتىپ، مۇھىمى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ھۆججەتلەر بىلەن شۇ مىللەتكە ئالاقىسى زور بولغان ياكى مەخسۇس شۇ مىللەتكىلا تەئەللۇق بولغان ھۆججەتلەرنى تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش ياكى ئېلان قىلىش، چوڭ - كىچىك يىغىن، مەسلىھەت، سۆھبەتلەردە تەرجىمان ئىشلىتىش لازىم.

2) سىياسىي - قانۇن خىزمىتىدە مىللىي تىل - يېزىقنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈش، تەرجىمە ئورگانلارنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

3) خىزمەتتىكى ھەمكارلىق، ئۆز ئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىش ۋە خىزمەتكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 49 - ماددىسىدىكى «مىللىي ئاپتونومىيە جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرىغا ھەر بىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ھەققىدە تەربىيە بېرىلىدۇ. خەنزۇ كادىرلىرى شۇ جايدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەملىكەت بويىچە ئىستېمال قىلىنىدىغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى ۋە خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك.» دېگەن بەلگىلىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونومىيە قانۇندا كۆرسىتىلگەن «مىللىي ئاپتونومىيە جايلاردىكى دۆلەت خادىملىرىنى شۇ جايدا كەڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان 2 خىلدىن ئارتۇق تىل - يېزىقنى پىششىق ئىگىلىگەنلەرنى مۇكاپاتلاش لازىم.» دېگەن بەلگىلىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشمۇ بەك مۇھىم.

4) ئازسانلىق مىللەت تىللىرىدا سىياسىي - قانۇنغا دائىر كىتاب، ژورنال، گېزىت ۋە ھەر خىل ماتېرىياللارنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. سىياسىي - قانۇن ساھەسىدە بۇ خىزمەت بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نەشرىيات، ئاخبارات ئورۇنلىرى كۈچ چىقارغاندىن تاشقىرى سىياسىي - قانۇن ئورۇنلىرى ئىمكانىيىتىگە قاراپ مىللىي تىلدا ماتېرىيال، كىتاب، گېزىت، ژورنال، دەرسلىككە ئوخشاشلارنى تۈزۈپ چىقىرىش لازىم. بۇ جەھەتتىكى خىراجەت، ئىشتات، باشقا شەرت - شارائىتلار جەھەتتە كەڭ بولۇش لازىم.

5) «ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ 47 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەندى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا شۇ جايدا كەڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان تىلنى قوللىنىشى كېرەك. ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ داۋا ئىشلىرىدا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇ جايدا كەڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان تىل - يېزىقنى بىلمەيدىغان داۋا ئىشتىراكچىلىرىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىش كېرەك، سىياسىي - قانۇن ئورۇنلىرى مانا بۇ بەلگىلىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى شەرت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئازسانلىق مىللەت ئەنزىلىرىنى شۇ ئەنزىگە دائىر مىللەت كادىرلىرى ياكى شۇ مىللەت تىلىنى ئوبدان بىلىدىغان كادىرلار ئىشلىشى لازىم، بۇنداق كادىرلار بولمىغان جايدا تەرجىمە ئىشلىتىش ياكى باشقا ئورۇن ۋە جايلاردىن ئەنزە باشقۇرىدىغان كادىر تەكلىپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ. يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، بىر ئەنزىدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن جاۋابكار 2 ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولسا، مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەردىن ئەنزە باشقۇرىدىغان كىشى بەلگىلەش، كوللېكتىپ تەكشۈرۈپ باش رەھبەرلىك ۋە يۇقۇرى ئورگان بېكىتىش ئۇسۇلىنى كۆپرەك قوللىنىش يولى بىلەن ئەنزە سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كېپىللىك قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا ئازسانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئەنزىگە يان باستى دەپ گۇمانلىنىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز - شىكايەت قىلىپ كېلىدىغان ئاممىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەرز - شىكايەت خەتلىرىگە باشقىچە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنى دەرھال تەرجىمە قىلدۇرۇش، سۆھبەتتە مىللىي كادىر بولمىسا ياكى خەنزۇ كادىر بىلەن سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلسا دەرھال تەرجىمان ئىشلىتىش لازىم.

ئاپتونومىيە قانۇنى ئەندىلا ئېلان قىلىندى. ئۇنى قانداق ئىجرا قىلىش توغرىسىدا تېخى تەجرىبە كام. مەن بۇ ماقالىنى ئاپتونومىيە قانۇنىنى دەسلەپكى ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىراتىم بويىچە يازدىم. شۇڭا بۇ پىكىرلىرىمنىڭ تولۇق بولماسلىقى مۇقەررەر. ھەتتا ناتوغرى جايلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ تەنقىدى پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

ئىزاھاتلار

(1) «جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ

4 - ماددىسىغا قارالسۇن.

② شۇ قانۇننىڭ 20 - ماددىسىغا قارالسۇن.

③ .. .. 60 .. .. .. .. .. .

④ «جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى جىنايى ئىشلار قانۇنىنى» نىڭ 80 - ماددىسىغا قارالسۇن.

جەدۋەل تۈزىتىش

1985 - يىل 1 - سان 2 - بەت ئوتتۇرىدىن 1 - قۇردىكى 2 مىليارت 800 مىليون دېگەن سانىنى 2 تىرىليون 800 مىليارت دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزنى ئۆمىد قىلىمىز.

# تووار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش خەلق ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى

ئابلىز ئىمىن

سوتسىيالىزىم ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدا پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويىدۇ، بۇ، سوتسىيالىزىمنىڭ كاپىتالىزىمدىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم بىر بەلگىسى. تووار ئىگىلىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسات تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر باسقۇچى، شۇڭا، سوتسىيالىزىمدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي باسقۇچتا تووار ئىگىلىكىنى تولۇق راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىزىم تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگىلى ۋە مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ. تووار ئىگىلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلسىلا، كاپىتالىزىم تۈزۈمىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتەك قاراشلار بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ، توغرا ئەمەس. كاپىتالىزىم دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى ھەتتا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىلا تووار ئالماشتۇرۇش مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

سوتسىيالىزىمنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى كاپىتالىزىمنىڭ خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىگە قارىمۇ - قارشى ھالدا مەيدانغا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى يوقاتتى. ئەمما تووار ئىگىلىكىنى يوقاتقىنى يوق. سوتسىيالىزىمنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى، تارىختىكى تووار ئىگىلىكى ئومۇمەن خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن تووار ئىگىلىكىنى ھەرگىزمۇ خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلى دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. ئەمگەك مەھسۇلاتىنىڭ توۋارغا ئايلىنىشى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىشى، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن غايەت زور رول ئوينىغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تەرەققىياتىنىڭ خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا غايەت زور رول ئوينىغانلىقىغا قاراپلا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىياتىنى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. سوتسىيالىزىمنىڭ 60 يىلدىن كۆپرەك ئەمەلىيىتى، تووار ئىگىلىكىنى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. تووار ئىگىلىكى، ئىجت-

ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە ئوخشىمىغان ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇستەقىل ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېخى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلمىغان، ئىجتىمائىي بايلىق مول ئەمەس، ئەمگەك ئادەملەرنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجىغا ئايلانغىنى يوق. ئۇ يەنىلا تۇرمۇش كۆچۈرۈشنىڭ ۋاستىسى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئوخشىمىغان ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، پەقەت تاۋار ئالماشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرى مەۋجۇت. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تاۋار مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرماي مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىزمنىڭ هازىرقى باسقۇچىدىكى ئومۇم خەلق مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتىمۇ پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا هەر قايسى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا تاۋار مۇناسىۋىتى ساقلىنىشى لازىم. مارکس، ئېنگېلسلارمۇ تاۋار ئىگىلىكىنى تولۇق راۋاجلاندۇرمايلا كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە بىۋاستە كىرگىلى بولىدۇ دېگەن ئەمەس. ئەينى يىللاردا مارکس بىلەن ئېنگېلس تەسەۋۋۇر قىلغان پىلانلىق ئىگىلىك - تاۋار ۋە پۇل مۇناسىۋەتلىرى مەۋجۇت بولمىغان شارائىتتىكى پىلانلىق ئىگىلىك. بىز هازىر تېخى تاۋارنى، پۇلنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان شارائىتقا يەتمىدۇق. دۇنيادىكى هەر قانداق بىر سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بۇنداق شارائىتقا يەتمىدى. ئۇلارنىڭ يەنىلا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىنى باشتىن كۆچۈرمىگەندە، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. سوتسىيالىزم ئۆزۈمۇ ئەڭ ئاخىرقى هېسابتا مۇستەھكەملىنەلمەيدۇ ۋە مۇكەممەللىشەلمەيدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب غەلىبە قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئورنىتىلغان، خەلق جەمئىيەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان، ئەمگەك كۈچىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئىمكانىيەتلەر يوقۇتۇلغان، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پىرىنسىپى يولغا قويۇلغان، كاپىتالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تارىخىي شەرتلەر تۈپتىن يوقۇتۇلغان شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن، بۇنداق شارائىت ئاستىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش هۆكۈمەتسىز هالەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان تاۋار ئىگىلىكى ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمى.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئالدى بىلەن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىككە تايىنىدۇ. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگەللىگەن بولۇپ، بىر قەدەر كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئاساسقا ۋە بىر قەدەر

ئالغان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا ئىگە، ئۇ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ مۇھىم يېتەكچى كۈچى. شۇڭا ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك يۈزلىنىشكە ۋە پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. لېكىن، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى تارىخىي شارائىتىدا، ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى باشقا ئىقتىسادىي شەكىللەرنىڭ راۋاجلىنىشىنى چەكلىمەسلىكى ۋە چەتكە قاقماسلىقى لازىم. كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى، ئۇ ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى ئوينىيالمايدىغان روللارغا ۋە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. ئۇ، ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى بىلەن ئۇزاقتىچە بىللە تۇرىدۇ، ئۆز ئارا تولۇقلايدۇ ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىدۇ. پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى ئورتاق گۈللەندۈرىدۇ. شۇڭا، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى داۋاملىق مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. جۇڭگو «كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» دا: «تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ باي، قۇدرەتلىك، خەلقىمىزنىڭ باياشات، بەختلىك بولۇشىنى چاپسانراق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، دۆلەتنىڭ سىياسەت ۋە پىلانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسنى تەڭ ئاتلاندۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويۇشىمىز، كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرىنى ۋە كۆپ خىل باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.» دەپ كۆرسىتىلدى. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى بىلەن كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەخسلەرنىڭمۇ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخسىي ئىگىلىكى ناھايىتى زور راۋاجلاندى، ئۇلارنىڭ تىجارەت دائىرىسىمۇ كېڭەيدى. ئەمەلىيەت شەخسىي ئىگىلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتلەردە كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان روللارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى ئىچىدە شەخسلەرنىڭ تىجارەت ئۇسۇلى، ئالدى بىلەن يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكى ئىچىدە يولغا قويۇلدى. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇردى. نۇرغۇن جايلاردا، ئائىلىلەرنىڭ شەخسىي تىجارەت ئۇسۇلى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغىمۇ كېڭىيىپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا باشقۇرۇش قېلىپلىرىنى بۇزدۇۋەتتى. ھازىر شەخسىي تىجارەت ئۇسۇلى، شەھەرلەردىكى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىگىمۇ كېڭەيمەكتە. ئومۇمىي

خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى بەزى كىچىك كارخانىلارنى كوللېكتىپنىڭ باشقۇرۇشىغا، ئىجارىگە ياكى ھۆددىگە بېرىشنىڭ سىرتىدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي باشقۇرۇشى ئۈچۈن ئىجارىگە ياكى ھۆددىگە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپ خىل باشقۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە رولى جارى قىلدۇرۇلدى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى بىرلىكتە قوزغاش، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئىگىلىك تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. ئامما، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن، قول ئەمگىكى ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. چوڭ شەھەرلەر بىلەن يېزا، چەت - ياقىلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تەكشى ئەمەس. بۇ خىل ھالەت، ئېلىمىز مۇلۇكچىلىكىنىڭ كۆپ خىللىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالىغا چوقۇم ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك دېگەن قانۇنىيەتكە ئاساسەن، ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەش شەرتى ئاستىدا، كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ يولغا قويۇلىشى ئىنتايىن توغرا بولغان ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر.

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا شەخسىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇلۇكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ئايرىۋېتىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۆتكەندە، يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە مۇلۇكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقى ئايرىلمىغان چاغدا، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك ئاكتىپلىقىغا يامان تەسىر بەرگەن. 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، مۇلۇكچىلىك ھوقۇقىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىگە باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلىپ، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ماددى مەنپەئەت جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىنتايىن كۈچلۈك بۆلىدىغان بولدى. ئەمەلىيەت كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە مۇنداق باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇشنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. پارتىيىنىڭ 12 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى» دا، ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىمۇ، مۇلۇكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ئايرىپ، كۆپ خىل تىجارەت شەكىللىرىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. دېمەك، كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئەۋج راۋاجلاندۇرۇش بىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك فاڭجېنىمىز. ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان مۇنداق بىر دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن، ئىگىلىكنى كۆپ خىل شەكىلدە باشقۇرۇش، ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان تۈپ خاراكتېرلىك يېتەكچى فاڭجېن.

شەخسىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ خاراكتېرىنى ھەر-

كاپىتالىستىك رىقابەتنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەم قىلىدىغان، ھايات - ماماتلىق كۈرىشى بولغانلىقتىن، رىقابەتتە ۋاستە تاللىمايدۇ. ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي، ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن، تىنىچ ۋە زوراۋانلىق ۋاستىلىرى قوللىنىلىدۇ. ھەتتا ئالداش، قورقۇتۇش، پۇل مۇئامىلە نەيرەڭلىرىنى كۆرسىتىش، ئىقتىسادىي تېخنىك - ئاخباراتنى ئوغرىلاش، ئوچۇقتىن - ئوچۇق زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش قاتارلىق ۋاستىلارنى ئىشقا سالىدۇ. سوتسىيالىستىك رىقابەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىلغارلارغا ئىلھام بېرىش، ئارقىدا قالغانلارغا تۈرتكە بولۇش، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ھەمكارلىق مۇناسىۋەتنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى يېڭىلاش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، ئەمگەك سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەلا سۈپەتلىك خىزمەت قىلىش قاتارلىق نورمال ۋاستىلار بىلەن كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانىلارنى تېز راۋاجلاندۇرىدۇ. (4) رىقابەتنىڭ نەتىجىسى ئوخشىمايدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە، رىقابەت ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى كۈچەيتىدۇ. ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەر چوڭ بايغا ئايلىنىدۇ، مۇتلەق كۆپ ئوتتۇرا - كىچىك كارخانىلار ۋەيران بولىدۇ. نۇرغۇن ئىشچىلار ئىشسىز قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كاپىتالىزمنىڭ تۈپ زىددىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىۋېتىدۇ. سوتسىيالىستىك رىقابەتنىڭ نەتىجىسىدە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئالغا باسىدۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆسىدۇ. رىقابەتتە بەزى كارخانىلار ۋە مەھسۇلاتلار بىراقتا چىقىرىلىپ كەتسىمۇ دۆلەت ئۇنى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ. تاقىۋېتىش، توختىتىش ۋە ئۆزگەرتىۋېتىش يوللىرى ئارقىلىق، بۇ بىر قىسىم ئىقتىسادىي كۈچنى جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ ئېھتىياجلىق ئورۇنلىرىغا سالىدۇ. سوتسىيالىستىك رىقابەت، ئىشچى خىزمەتچىلەرنى ئىشسىز ۋە نامرات قىلمايدۇ، ئەكسىچە، ئەمگەك كۈچىدىن تېخىمۇ مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېخىمۇ ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئەتنى كارخانا تىجارەت مېۋىلىرىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىدۇ. دۆلەتنى تېخىمۇ كۆپ باج بىلەن تەمىنلەپ، ئامما كىرىمىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دارامىتىنى ۋە كوللېكتىپ پاراۋانلىقىنىمۇ ئاشۇرىدۇ.

قىسقىسى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا، خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە، ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلار بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، رىقابەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ، تاۋارلارنى ئېھتىياجغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، تاۋارلارنىڭ باھاسى جەھەتلەردە رىقابەت بولىدۇ. يېڭى - كونا مەھسۇلاتلار ئوتتۇرىسىدا، ھەتتا يېڭى مەھسۇلاتلار ئوتتۇرىسىدىمۇ رىقابەت بولىدۇ. كارخانىلار، كەسىپلەر، ئىقتىسادىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىمۇ رىقابەت بولىدۇ. سوتسىيالىستىك رىقابەت سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشـ

لەپچەقمىرىشىنىڭ كاتالىزاتورى ۋە چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى. سوتسىيالىزمنىڭ تۇۋار
ئىقتىسادىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا كام بولسا بولمايدىغان،
ئىلگىرى سۈرگۈچى كۈچ. رىقابەت بولمىسا، كارخانىلارنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشى-
لىغىلى، تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىشنى تېزلەتكىلى بولمايدۇ. كارخانىلار جانلىنالمايدۇ. سوتسىيالى-
زمنىڭ رىقابەت خەلققە پايدىلىق، ئىستېمالچىلار رىقابەتتە پايدا ئالىدۇ. «جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى
قارارى» دا: «ئۆتكەندە دۆلەتنىڭ كارخانىلارنى باشقۇرۇشى ھەددىدىن ئارتۇق ۋە بەك
ئۆلۈك بولۇپ قالغانلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئومۇمى خەلق مۈلۈكچى-
لىكى بىلەن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كارخانىلارنى بىۋاستە باشقۇرۇشى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى.
ماركسىزم نەزىرىيىسى ۋە سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانغاندا، مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى
بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىشكە بولىدۇ.» دەپ كۆرسەتتى.
بۇ نوقتىنەزەرگە ئاساسلانغاندا، سوتسىيالىستىك كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت، ماھى-
يەتتە باشقۇرۇش سەۋىيىسى جەھەتتىكى رىقابەت. كارخانىلار ھاياتى كۈچىنىڭ ئومۇمى
ئىپادىسى، كارخانىلارنىڭ بازارنى ئىگەللەش، بازارنى كېڭەيتىش، بازار ئېچىش جەريانىدا
گەۋدىلەندۈرگەن كۈچى. شۇڭا سوتسىيالىستىك تۇۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسى-
يالىستىك رىقابەتنى تەشەببۇس قىلىش، پارتىيىمىزنىڭ 12 - قۇرۇلتايىدا ئوتتۇرىغا قوي-
غان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

# پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا

## رازاق تۆمۈر

تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم مەسىلە - تۈرلۈك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى يەنى مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ، رايون بىلەن تارماقنىڭ، كارخانىلار بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ، شۇنىڭدەك دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسىدىن ئىبارەت 3 تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئەۋۋەل دۆلەت بىلەن كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، كارخانىلار بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى ھەل قىلىنغىلى بولىدۇ. ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش، دەل دۆلەت، كارخانا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ياخشى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم بىر ئىسلاھات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1979 - يىلىدىن باشلاپ، ئايرىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى بىر قىسىم كارخانىلاردا پايدا تاپشۇرۇشنى باج تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىش سىناق قىلىنىپ، 1983 - يىلى مۇتلەق كۆپ ساندىكى سانائەت، قاتناش، سودا كارخانىلاردا ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئۇنۇمىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. جاۋ زىياڭ زۇڭلى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتىدا: «ئەمەلىيەت دۆلەت كارخانىلىرىدا باجنى پايدا ئورنىغا دەسسىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ باشقا چارىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى» ئىسپاتلىدى، دەپ كۆرسەتتى. پايدا ئورنىغا باج تاپشۇرۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن بۇ يىل 4 - پەسىلدىن باشلاپ، باجنى پايدا ئورنىغا دەسسىتىشنىڭ 2 - باسقۇچلۇق ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. بۇ كارخانىلارنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش بىلەن كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

باج ئەڭ دەسلەپكى ئىقتىسادىي كاتېگورىيە بولۇپ، دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭلا بارلىققا كەلگەن. ئۇ - دۆلەت، قانۇنغا ئاساسەن ئىگىلىك ئورنى ۋە شەخسىدىن ھەقسىز ئالىدىغان پۇل كىرىمىنى كۆرسىتىدۇ. باج - دۆلەتنىڭ مىللىي دارامەتنى تەقسىم

قىلىش ۋە قايتا تەقسىم قىلىشقا قاتنىشىش شەكلى بولۇپ، دۆلەت ماشىنىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى ماددى ئاساس. دۆلەت بار بولىدىكەن، باج جەزمەن مەۋجۇت بولىدۇ. «جامائەتنىڭ بۇ خىل ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن گىراجدانلار خىراجەت - باج تاپشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.»① بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، دۆلەت بارلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ توپ مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، شۇ مەنپەئەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى — سىياسى فۇنكتسىيەنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، بارلىق ئىگىلىك ئورۇنلىرى ۋە گىراجدانلار دۆلەتكە قارىتا باجدىن ئىبارەت مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى زۆرۈر دېگەندىن ئىبارەت. «باج - دۆلەت مەۋجۇت بولۇشنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتە گەۋدىلىنىشىدۇر.»② بۇنىڭدىن باج بىلەن دۆلەت زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، دۆلەت باجنىڭ بارلىققا كېلىش شەرتى ئىكەنلىكى، باج - دۆلەتنىڭ سىياسى فۇنكتسىيەسىنى ئىجرا قىلىشىنىڭ ئىقتىسادى ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە باج ھەرقانداق ئىجتىمائى فورماتسىيەگە ئورتاق بولسىمۇ، ئەمما دۆلەت مۇئەييەن سىنىپى كۆرەشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى ۋە باج مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىجتىمائى فورماتسىيەدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، باجنىڭ ۋە ئۇ ئىپادىلىگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

كاپىتالىستىك خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدە، باج بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ توپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇرژۇئازىيە دۆلەتلىرىنىڭ سىياسى ھۆكۈمرانلىقىغا تايىنىپ، ئىشچىلار ياراتقان قوشۇمچە قىممەتنى بۆلۈشۈۋېلىش ۋاستىسى بولىدۇ. كاپىتالىستىك دۆلەتلەر باجغا تايىنىپ، ئەمگەكچى خەلققە ئىقتىسادىي كىرىزىسنى يۈكلەپ، ئۇلارنىڭ زۆرۈر ئەمگىكىنى ماناپول قىلىۋالىدۇ. كاپىتالىستىك باج دۆلەت مالىيە كىرىمى. ئۇ، كېلەچەكسىز كاپىتالىستىك دۆلەت ماشىنىسى ۋە تۈزۈمىنى ساقلاش، قوغداش شۇنىڭدەك سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ يەنىمۇ ئۆتكۈرلىشىشى، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى ۋە پايدىنىڭ كونسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كاپىتالىستىك دولەتلەرمۇ قانداقتۇ «پاراۋانلىق» دېگەننى كۆتىرىپ چىقىپ، باج كىرىمىنىڭ بىر قىسمىنى جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا سەرىپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ كاپىتالىستىك باجنىڭ خاراكتېرىنى مەڭگۈمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ ۋە كاپىتالىستىك دولەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتىگە تايىنىپ قوشۇمچە قىممەتنى بۆلۈشۈۋېلىش جىنايى قىلمىشىنى يېپىۋالالمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرمۇ باج قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭلارغا تايىنىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتى-

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21- توم، 195- بەت.

② «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى 4- توم، 342- بەت.

سادىي پائالىيەتكە ئارىلىشىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بىراق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىر قىسىم خۇسۇسىي كاپىتالىستلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا تەۋە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدى ئەڭ يۇقىرى چەكتە پايدا ۋە قوشۇمچە قىممەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش ھايات - ماماتلىق رىقابەت ۋە ھۆكۈمەتسىز ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتكە ئارىلىشىش رولىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە بولالمايدۇ. پۈتكۈل تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ھۆكۈمەتسىز ھالەتتىن قۇتقۇزالمايدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە باجنىڭ خاراكتېرى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. سوتسىيالىستىك باج - كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن ياراتقان قوشۇمچە مەھسۇلاتلار قىممىتىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، دۆلەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلار تاپشۇرغان باج ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ، ئېنىگى - تەكتىدىن ئالغاندا، خەلقتىن كېلىدۇ، يەنە خەلققە ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسنىڭ تۈپ مەنپەئەت بىرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك باجنىڭ ئاز بىر قىسمى مىللىي دارامەتنىڭ تەكرار تەقسىماتى ئارقىلىق، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلىنغاندىن باشقا، كۆپ قىسمى جۇغلانما سۈپىتىدە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە سەرپ قىلىنىدۇ. دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇشنى پىلانلىق ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تەدرىجىي ياخشىلايدۇ. مانا بۇ، «بىرىنچىدىن تاماق يېيىش، ئىككىنچىدىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» دېگەن پرىنسىپنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشىدۇر. باجنى پايدا ئورنىغا دەسسىتىش ئىسلاھاتى ئېلىمىزنىڭ باج تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىساتنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش بىلەن سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشتە بارغانسېرى مۇھىم ماددىي مەنبە بولۇپ قالىدۇ.

ھەرقانداق بىر خىل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكى، پەقەتلا ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن سۈرمىگەنلىكى، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجاتچانلىقىنى جارى قىلدۇرغان - قىلدۇرمىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىمى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ جانلىق، ئەڭ پائالىيەتچان ئامىل — ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجاتچانلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنىڭ جارى قىلىنىشى - دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. كوللېكتىپ (كارخانىلار) بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بولسا، بىۋاستە ئۇلارنىڭ ئىگىلىك نەتىجىسى ۋە ئەمگەك تۆھپىسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىمۇ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرغان بولۇشى لازىم. ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى ئەڭ چوڭ كېسەل شۇكى، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى ئىنكار قىلىندى، «چوڭ قازان-

نىڭ تاماقنى يېيىش» ۋە تەڭ تەقسىماتچىلىق يامراپ كەتتى. ئىشلەپچىقىرىش ئورنى بىلەن ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ تاپاۋىتى، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك ئەھۋالى ۋە ئەمگەك تۆھپىسى بىلەن باغلانماي، ئىگىلىك نەتىجىسىنىڭ ياخشى - يامانلىقى، كۆپ ئىشلىگەن بىلەن ئاز ئىشلىگەن، ياخشى ئىشلىگەن بىلەن ياخشى ئىشلىمىگەن پەرقلەنمىدى. شۇڭا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجاتچانلىقى قوزغىتىلمىدى. «چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش» بىلەن تۆمۈر تاۋاق ئەمەلىيەتتە پايدىلىق رىقابەتنى چەتكە قاقىدىغان بولغاچقا، كارخانىلار ھېچقانداق ئىچكى قۇۋۋەتكە ۋە بېسىمغىمۇ ئىگە بولالمىدى. نەتىجىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەن، تېخنىكا جەھەتتە ئىلگىرىلەش ناھايىتى ئاستا بولدى. يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىكى ئىسلاھاتنىڭ تەجرىبىسى پۈتكۈل تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە شەھەرلەرنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىماقتا. بەزى يولداشلارنىڭ بۇ جەھەتتە تونۇشى مۇجمەل بولغاچقا، ئۇلار شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئارتۇقچە تەكىتلەپ، يېزىلاردىكى ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېتەكچى ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇنداق قاراشلارنى ئاددى بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئانالىز قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

بەزى يولداشلار: شەھەرلەردىكى ئىگىلىكنىڭ يېتەكچى ۋە ئاساسى قىسمى، ئومۇمىيخەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىقتىسات. ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىقتىساتنىڭ ئاساسى ئورنى — كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگىكىنىڭ ئىجتىمائىيلىقى، كوللېكتىپ ھەمكارلىق ئىگىلىكتىكى دېھقانلارنىڭ ئەمگىكىدىن يۇقۇرى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تەخسىماتى يالغۇز كارخانىنىڭ ئىگىلىك نەتىجىسى بىلەن باغلانمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يېزىلاردا يولغا قويۇلغان «دۆلەتكە تېگىشلىكىنى تولۇق تاپشۇرۇش، كوللېكتىپقا تېگىشلىكىنى تولۇق قالدۇرۇش، قالغىنى ئۆزىنىڭ بولۇش» تىن ئىبارەت تەقسىمات ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئۇ، ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىگىلىكنىڭ خاراكتېرىنى ئىنكار قىلىدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. يېزىلاردىكى تەقسىمات ئۇسۇلىنىڭ ماھىيىتى شۇكى، ئەمگەكچىلەر ياراتقان قىممەتتىن جەمئىيەت ئۈچۈن تۇتۇپ قېلىنغاندىن كېيىن، قالغىنى ئۆزىنىڭ بولۇشتىن ئىبارەت. ئۇ، ماركس ئېيتقان ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئۇيغۇن. شۇڭا، ئۇ شەھەرلەردىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈلمىدىكى ئىگىلىك ئورۇنلىرىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ يەردىكى پەرق مىقدار جەھەتتىنلا ئىبارەت. گەرچە ئومۇم خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلارنى دۆلەت مەبلەغ سېلىپ قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، بارلىق خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دولەتكە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى دۆلەت بىۋاستە ئىشلىتىپ باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. يەنى ئۇنى مىڭلىغان، ئون-مىڭلىغان كارخانىلار ئىشلىتىپ، باشقۇرىدۇ. دېمەك، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مۇلۇكچىلىك ھوقۇقى قانۇنىي ھالدا ئومۇم خەلققە تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت شەكلى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىن ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى

ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى كارخانىلارغا مەنسۇپ. مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئايرىلىشى، مەيلى كارخانىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكى ياكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئايرىم ئىگىلىكى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىۋاستە ئىجتىمائىي ئىگىلىك بولالمايدىغانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئاندىن ئىجتىمائىي ئىگىلىككە ئايلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئىگىلىگەندىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئۇ، دۆلەت مەنپەئەتى، كوللېكتىپ مەنپەئەتى، شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىنىڭ تۈپكى بىرلىككە ئىگە بولۇشىنىڭ ئاساسى بولسىمۇ، لېكىن، مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئايرىلىشى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دۆلەت مەنپەئەتى، كارخانا مەنپەئەتى ئەمەسلىكىنى، ئىگىلىكچىلەرنىڭ مەنپەئەتى دۆلەت مەنپەئەتى ئەمەسلىكىنى، بۇ ئۈچىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتە تۈپتىن بىرلىك بولۇش شەرتى ئاستىدا، ھەرقايسى مۇستەقىل مەنپەئەتتىن بەھرىمان بولۇش لازىملىقىنى شۇنداقلا، ئۇنى جەمئىيەت چوقۇم ئېتىراپ قىلىش لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، كارخانىلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى شۇ كارخانىنىڭ ئىگىلىك ئەھۋالى بىلەن ئەمگىكى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، كارخانىلار ئارا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارا مەنپەئەت جەھەتتە پەرق بولىدۇ. كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك ئەھۋالى ياخشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك تۆھپىسى كۆپ بولسا، ئۇلار ياراتقان قىممەتمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن جەمئىيەت ئۈچۈن تۇتۇپ قېلىنىدىغان قىسمى تۇتۇپ قېلىنغاندىن كېيىن ئاشىدىغان قىسمىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئاندىن، ئىشچى-خىزمەتچىلەر كۆپ مەنپەئەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئاز بولىدۇ. مانا بۇ ئالاھىدە مەنىدىكى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا ھەرقايسى كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدىكى پەرق پەيدا قىلغان دەرىجە پەرق كىرىمى ئاساسەن ياكى ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇئەييەن يول بىلەن دۆلەت ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنىڭ كىرىمى ئىچىدىكى غەيرىي ئەمگەك كىرىمى چىقىرىۋېتىلگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ماھىيەتتە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھېسابلانغان ئىش ھەققى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولىدۇ. شۇنداقلا، دۆلەت مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولىدۇ.

يەنى بەزىلەر، شەھەرلەردىكى ئىگىلىكنىڭ دۆلەت مالىيىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى، يېزا ئىقتىسادىغا قارىغاندا چوڭ. ھازىر مالىيە كىرىمىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى شەھەرلەردىكى سانائەت-سودا كارخانىلىرى تاپشۇرغان باج تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەر شەھەرلەردە «چوڭ قازان» چېقىلمىدىغان بولسا، مالىيە كۈچى چېچىلىپ، ئىستېمال مەبلىغىنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. جۇغلانمىنى كۆپەيتىپ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماددىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە نۇقتىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغىلى بولمايدۇ، دۆلەت مالىيىسىنىڭ سېلىنغى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ. مۇنداق ئەندىشە ھاجەتسىز؛

3- ئومۇمىيلاشقاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش تېز ئەسلىگە كېلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە مىللىي دارامەت بىللە ئاشتى. لېكىن مالىيە كىرىمى سەل ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ. لېكىن بۇنىڭ بىلەن «چوڭ قازان»نى چېقىشنى قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى ئىككى ئىش. «چوڭ قازان»نى چېقىشنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى ۋە يادروسى — ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، تۈرلۈك ئوبيېكتىپ شارائىتلار پەيدا قىلغان دەرىجە پەرق كىرىمىنى ئىمكان قەدەر چىقىرىۋېتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى كارخانىنىڭ ئىگىلىك نەتىجىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگەك تۆھپىسىگە ئاساسەن بەلگىلەش «ھەق» بىلەن «مەنپەئەت»نى زىچ باغلاشتىن ئىبارەت. ھازىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار نىسبىي مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىگىلىك يۈرگۈزگۈچى. شۇڭا، ئۇلارمۇ مۇستەقىل ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن بەھرىمان بولۇشى كېرەك. بۇنداق شارائىتتا، دۆلەت ئۇلارنىڭ تەقسىماتقا مۇئەييەن يول بىلەن قاتنىشىشىغا بولىدىكى، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتىنى ئىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، شۇڭا دۆلەت بىلەن كارخانا، ئومۇمىلىق بىلەن قىسمەنلىك كوللېكتىپ بىلەن شەخسنىڭ مەنپەئەتىدە پەرق بولىدۇ. پەرقنىڭ ئۆزى زىددىيەتتىن ئىبارەت. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت ئېنىق بەلگىلىمە تۈزۈشكە (بەزىلىرىنى قانۇنى شەكىلدە بېكىتىشكە) ۋە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرى ۋە ئىقتىسادىي تارماقلار كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك پائالىيىتىدىكى ئاساسىي تەرەپلەرنى تەكشۈرۈپ، نازارەت قىلىپ، دۆلەتكە تەئەللۇق قىسمىنى ئىگەللىۋېلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان يوچۇقلارنى ئېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

سوتسىيالىستىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەبلەغ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتىدىن قارىغاندا، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى — سەرپ قىلىنىپ كەتكەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى قىممىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان مەبلەغ — $c$، ئىستېمال مەبلىغى — v ۋە جۇغلانما مەبلىغى — $m$ دىن تەركىب تاپىدۇ. جۈملىدىن، تولدۇرۇلىدىغان مەبلەغ بىلەن ئىستېمال مەبلىغىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە تولدۇرۇلۇشى ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىش. ئەمما جۇغلانما مەبلىغىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىش. خەلق ئىگىلىكىدىن ئېيتقاندا، تولدۇرۇلىدىغان مەبلەغ — C بىلەن ئىستېمال مەبلىغى — V نى كارخانىلار ئۆزلىرى كونترول قىلىدۇ. دۆلەت پەقەت كارخانىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىگە پىلان ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىدۇ ياكى بولمىسا ئىقتىسادىي پىشاڭ ئارقىلىق تەڭشەيدۇ. مەسىلەن: ئىستېمال مەبلىغىنىڭ ئۆسۈشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سەۋىيىسىگە ئويغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت مۇكاپات بېجى ئارقىلىق تەڭشەيدۇ. جۇغلانما مەبلىغى - m نى ئاساسلىقى دۆلەت بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ. لېكىن بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىلگىرىكىدەك ئارتۇقچە مەركەزلەشكەن بولماي، ئۇنىڭدا

جانلىق ۋە كۆپ خىل ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. يەنە باج يىغىش ئارقىلىق دۆلەت بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىدۇ. دۆلەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ ساپ كىرىمى، دۆلەت مالىيىسىنىڭ مۇھىم مەنبەسى. شۇڭا، پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنىڭ ئىسلاھاتى ئارقىلىق، دۆلەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ ساپ كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمى دۆلەت مالىيىسىگە مەركەزلىشىپ، دۆلەتنىڭ چوغلانما مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. دۆلەتنىڭ ماكروئىگىلىككە قارىتا يولغا قويىدىغان كونتروللىقى ئەمەلگە ئېشىپ، دۆلەت بىلەن كارخانىنىڭ ھوقۇق چېكى ياخشى ھەل بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت مالىيەسىنىڭ مۇقىم ئېشىشى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. دۆلەت ئاندىن ئۆزىگە زۆرۈر مەبلەغنى توپلاپ، ئۇنى ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش كەسىپى، ھەرقايسى رايونلارغا پىلانلىق تەقسىم قىلىپ، خەلق ئىگىلىگىدىكى مۇھىم نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنى ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ تەلىۋىگە باپ ھالدا تەڭشەيدۇ. ئاندىن دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى تېزلىشىدۇ. دېمەك، پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا تارماق بىلەن رايوننىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ھەل قىلىش ۋە ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش كېرەك. ھازىرقى تۈزۈلمىدە ھەر قايسى ساھە، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدىكى چوڭ-كىچىك كارخانىلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارغا تەۋە. بۇ، مەمۇرىي جەھەتتە تەۋەلىك مۇناسىۋەتنىڭ مۇرەككەپ چىگىشلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىگىسى كۆپ بولۇشىنى پەيدا قىلدى. كارخانىلار ياراتقان پايدىنى ئەسلىدىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەر دەرىجىلىك مالىيەگە تاپشۇرغان، بۇنداق قىلىش بىر تەرەپتىن كارخانىلارنىڭ ئىگىلىكتىكى ھەركەت كۈچىنىڭ رولىنى جارى قىلىشقا توسقۇن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىشتا قارىغۇلۇقنى، تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى پەيدا قىلىدۇ. نۆۋەتتىكى پايدا ئورنىغا باجنى دەسسىتىش ئىسلاھاتى لىنىيە بويىچە باشقۇرۇش بىلەن رايونلار بويىچە باشقۇرۇشنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشىنى، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان مۇھىم تەدبىر. پايدا تاپشۇرۇش باج تاپشۇرۇشقا تامامەن ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ ئەسلىدىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار قانۇن بويىچە مەركەزگە ۋە ئۆزى تۇرۇشلۇق جايغا باج تاپشۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق كارخانا بىلەن تارماق ۋە رايونلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى باغلاپ تۇرغان ئەڭ مۇھىم نەرسە — ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. نەتىجىدە باشقا مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن كۆپ ئارىلىشىشى ھاجەتسىز بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى كېڭەيتىشتىكى 10 تۈرلۈك تەدبىرمۇ ياخشى ئەمەللىشىدۇ.

ئىگىلىك ھوقۇقى كارخانىلارنىڭ قولىغا ھەقىقىي يۇسۇندا ئۆتمىدۇ. ماكرو ئىگىلىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تارماق، رايون ۋە مۈلۈكچىلىك قورغىنى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلار ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ تەلىۋى بويىچە تەڭشىلىدۇ. كارخانىلار ئۆزى ئىختىيار قىلىش ۋە ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەرخىل بىرلەشمە گەۋدىلەرگە ئۇيۇشىدۇ. مىكروئىگىلىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا، كارخانىلار ئىگىلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانى ئىچىدە، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجغا باپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەرقايسى تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى (بۇ مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدىن قويۇلغان ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلىشىنى كۆرسىتىدۇ) راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىيلىشىش ۋە مەخسۇسلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان، شۇنىڭدەك ئاساسى ئوبوروت يولى بىلەن تارماق ئوبوروت يولى، كۆپ خىل ئوبوروت يوللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ھەل قىلىنغان، كۆپ خىل ئىقتىسادىي شەكىل ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك ئۇسۇلى بىللە مەۋجۇت بولۇپ، ھەممە تەرەپ راۋان ئۆتۈشۈپ تۇرغان بىر تۇتاش بازارنى شەكىللەندۈرۈش فۇنكسىيەسى تازا ياخشى جارى بولىدۇ.

دۆلەت بىلەن كارخانىلارنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى ياخشى ھەل قىلىش ئاساسىدا، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ ھەل قىلىش كېرەك. 1980- يىلىدىن باشلاپ، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتىدە خېلى چوڭ ئىسلاھاتلار بولدى. مەملىكەت دائىرىسىدىن ئالغاندا، «كىرىم-چىقىمنى ئايرىش، دەرىجىگە بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش، نىسبەت بويىچە بۆلۈشۈش، بىر بېكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئۇنى كىشىلەر «باشقا-باشقا قازاندا تاماق يېيىش» تۈزۈمى دەپ ئاتايدۇ. بۇ، ئىلگىرىكى بىرتۇتاش كىرىم قىلىپ، بىرتۇتاش چىقىم قىلىش تۈزۈمىگە قارىغاندا، زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، ئۇنىڭدا خېلى ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. لېكىن بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش، تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، رايونلار ئارا قامال قىلىۋېلىش ئىللەتلىرى كۆپەيدى. ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى جارى قىلىشقا پاسسىپ تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭمۇ كۆڭۈلدىكىدەك تۈزۈلمە ئەمەسلىكى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، مېنىڭچە، مالىيە كىرىمىدە، تامامەن باج تۈرى ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك مالىيەنىڭ كىرىمىنى ئايرىش-مالىيە تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يۆنىلىشى بولۇشى كېرەك. پايدىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئىسلاھاتى بولسا، مالىيە تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. يەنى پايدا تامامەن باجغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ماكرو ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قارارى ۋە ئىگىلىكىنى تەڭشەش تەلىۋى شۇنىڭدەك مەركەز بىلەن يەرلىك ئۈستىگە ئالىدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىپىلەر بويىچە،

مەركەزنىڭ بىجى، يەرلىكنىڭ بىجى ۋە مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ ئورتاق بىجى ئايرىلىپ، ھەر دەرىجىلىك مالىيە، ئۆزىنىڭ چىقىم قىلىش ۋەزىپىسىگە ئاساسىي جەھەتتىن مۇناسىپ كېلىدىغان بىر قەدەر مۇقىم كىرىم مەنبەسىگە ئىگە بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتى تۈپكى جەھەتتىن ھەل بولىدۇ. مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتىنىڭ توغرا ھەل قىلىنىشى، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ياخشى جارى قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت، سودا كارخانىلارىنىڭ دۆلەتكە پايدا تاپشۇرۇشنى تامامەن باج تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىش — دۆلەت بىلەن كارخانىلارنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، كارخانىلاردا ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، كارخانىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، كارخانىلارنى ئىچكى جەھەتتە ھەرىكەت كۈچىگە، سىرتتىن بېسىمغا ئىگە قىلىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرى: بىرىنچى، پايدا تاپشۇرۇش تامامەن باج تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، دلەت بىلەن كارخانىنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتى قانۇنىي شەكىلدە مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ ۋە بەلگىلىنىدۇ. كارخانىلارنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان بېجىنىڭ مىقدارى قانۇنىي شەكىلدە بېكىتىلىپ، ئۇ كارخانىنىڭ دۆلەتكە قارىتا ئۈستىگە ئالىدىغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ھېسابلىنىدۇ. كارخانىلار دۆلەتكە قانۇن بويىچە باج تاپشۇرغاندىن كېيىن، دۆلەت مالىيەسى مۇقىم ئۆسۈپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك جەھەتتىكى پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. ئىككىنچى، پايدا تامامەن باجغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، كارخانىلار مۇقىم كىرىم مەنبەسىگە ئىگە بولىدۇ. دۆلەت كارخانىلارنىڭ يىغىمدىن ئاشۇرغان مەھسۇلاتى ۋە كىرىمى ئىچىدىن كۆپرەك نەپكە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، كارخانىلارنىڭ ئۆزىنىڭ كىرىمىمۇ مۇناسىپ ئۆسۈپ بارىدۇ. شۇ ئارقىلىق كارخانىلار ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە مەبلەغنىڭ ئورگانىك قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ تېخنىكا يېڭىلاش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى تەكرار كېڭەيتىش جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۈچىنچى: پايدا تامامەن باجغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن كارخانىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى كېڭەيدۇ. ئاندىن ئۇلار دۆلەت تۈزگەن بىر تۇتاش پىلان ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك پائالىيىتىنى دادىل ئويۇشتۇرۇپ، ئۆزىدىكى مەبلەغنىڭ ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ، پايدا باجغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، دۆلەتكە بارلىق كارخانىلار باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. كارخانىلار ئارا ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك پائالىيىتىدە پايدىلىق رىقابەت بارلىققا كېلىپ، كارخانىلارنى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا دۆلەت بىلەن كارخانىنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىشتا پايدىنى تامامەن

باجغا ئۆزگەرتىش يۆنىلىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇڭگىدەك ئۇ، شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈل - مىسىدىكى ھالقىلىق ئىسلاھات بولۇپ، پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

# «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى بايانلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇھاكىمە ١

مەخسۇت ئەكبەر

«قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇن جەھەتتىكى كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلىقى، شەكلى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىكى ئاممىباپلىقى ۋە بەدىئىيلىكى بىلەن كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ئىلمى ئەسەر. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان مەسىلىلەر كۆپ، چېتىشلىق دائىرىسىمۇ بىر قەدەر كەڭ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسى ئىدىيىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمۇ ھەرخىل. بىزنىڭچە، بۇ ئەسەرنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى تەلىمات دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

چۈنكى، بىرىنچى، ئەسەرنىڭ نەسرى ۋە نەزمى كىرىش سۆزلىرىدە ئەسەر دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەلىماتى دەپ ھېساپلانغان، مەسىلەن: «چىنلىقلار»، «ئەدەب بول مۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى)؛ ماچىن مۇلكىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنول مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى)؛ مەشرىقلىقلار «زىننەتۇلئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننىتى)؛ ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركى»؛ بەزىلىرى «پەند نامەئى مۇلۇك» (پادىشالارغا نەسىھەت)؛ تۇراتلىقلار «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئات قويغان. كىرىش سۆزدە تىلغا ئېلىنغان ئەسەر نامىلىرىدىن پەقەت «قۇتادغۇ بىلىك» توغرا قويۇلغان ئات بولسىمۇ قالغانلىرىنى كىتاپ مەزمۇنىغا ئويغۇن ئەمەس دېيەلمەيمىز. بەلكى بۇ ناملارنى كىتاپ مەزمۇنىغا باھا بېرىشتە ئىنتايىن قىممەتلىك مەنبە دەپ ھېساپلايمىز.

ئىككىنچى، «كىتاپ تۆت ئۇلۇغ ۋە مۇھىم ھۇل ئۈستىگە بىنا قىلىنغان» بىرى ئەدىل (ئادالەت)؛ ئىككىنچىسى دۆلەت (بەخت)؛ ئۈچىنچىسى، ئەقىل؛ تۆتىنچىسى قانائەت بولۇپ، يەنە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تۈركچە ئات قويۇلغان. ئەدىلگە كۈنتۇغدى ئېلىگى ئېتى بېرىلىپ، پادىشا ئورنىغا قويۇلغان؛ دۆلەتكە «ئايتولدى» دەپ ئات قويۇلۇپ، ۋەزىر ئورنىغا قويۇلغان؛ ئەقىلغا «ئۆگدۈلمىش» دەپ ئات قويۇلۇپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئورنىغا قويۇلغان، قانائەتكە «ئودغۇرمىش» ئېتى بېرىلىپ، ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى دەپ ئېيتىلغان.

ئەسەردىكى تۆت قەھرىماندىن ئۈچ كىشى دۆلەت ئەربابى بىرى دۆلەت ئەرباپلى-

رىنىڭ يەقىنى، ئۇلارنىڭ سوئال - جاۋاپ شەكلىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇشلىرىمۇ دۆلەت ۋە دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىشنى ئاساسى مەزمۇن قىلغان.

ئۈچىنچى، ئەسەردە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا، خانغا بېرىلگەن مەسلىھەتلەر ئىچىدە دۆلەتنىڭ ئاساسى بەلگۈلىرى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلىنغان. دۆلەت ھاكىمىيىتىدە ئارمىيە ۋە قوماندانىنىڭ رولى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى؛ قانۇن ۋە ئۇنىڭ خاراكتىرى؛ بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى؛ ئەخلاقنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى زۆرۈرلىگى كەڭ سۆزلەنگەن.

تۆتىنچى، دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، سۈپەتلىرى ھەققىدە بىر قەدەر كەڭ توختالغان. دۆلەتتە خاننىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى قانداق بولۇش، ۋەزىرنىڭ پەزىلىتى قانداق بولۇشتىن تارتىپ تاكى ئوردا ئەمەلدارلىرى، خادىملىرى، كۈتكۈچى، ئاشپەزلەرگىچە، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى، ئەخلاق ئۆلچەملىرى كۆرسىتىلگەن.

بەشىنچى، مۇئەللىپنىڭ ئۆز ئەسىرىنى تۈنجى قېتىم خانغا تەقدىم قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەسەرنىڭ بىۋاستە خانغا ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن بېغىشلانغان دەستۇر، ئەقىل مەسلىھەت ئىكەنلىگىنى ئىپادىلەيدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى توغرىسىدىكى ئاساسى نۇقتىنەزەرلىرى مۇنداق بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىدارە قىلىشتا قانۇن بولۇشىنى يەنى دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى ناھايىتى يۇكسەك ئورۇنغا قويىدۇ.

219 قاچانكىم جاھانغا چۈشۈپتۇ ئادەم،
ئاقىللار تۈزەپ كەلدى ياخشى نىزام.

252 جاھان بەگلىرىدىن كىم ئالدىم ئىكەن،
ئۇلار ياخشى قانۇن تۈزەپ ئۆرلىگەن.

545 ئەل ئىچرە كىم ئالسا بىر ئۈستۈن ئورۇن،
تۈزسۇن ئەل ئۈچۈن بىر ياخشى قانۇن.

1456 يامان تۈزسە قانۇننى بەك ياخشى تۈز
كۈنۈك ياخشى بولغاي ھەم بەختىگىمۇ ئۆز.

1460 يامان تۈزسە قانۇن كىم ئۆز دەۋرىدە،
يامان ئات قويار ئۇ ئۆزى كەينىدە.

1461 كىم ئۇ ياخشى قانۇننى بەرپا قىلار،
ئۇنىڭ شۆھرىتى تا ئەبەدكە ياشار.

ئەلنى قانۇن بىلەن، بەلكى ياخشى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشى ئەينى زاماندىكى خانلىق تۈزۈمدە يۈكسەك غەيرەت - جاسارەت، پەم - پاراسەت ئىگىسىنىڭ قىلالايدىغان ئىشى ئەلۋەتتە.

مۇئەللىپ خانغا "يامان قانۇن" ئەمەس، "ياخشى قانۇن" تۈزۈشنى تەۋسىيە قىلغىنىدا نېمىلەرنى نەزەردە تۇتقان؟ ئادالەت سىمۋولى بولغان كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئادالەت سۈپىتىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا ئايتولدىغا ئېيتقان سۆزلىرى شەكلىدە مۇنۇلار بايان قىلىنىدۇ.

801 مۇنۇ مەن ئولتۇرغان بۇ كۇرسىغا باق،
ئەي كۆڭلۈم توقى، بار ئۇندا ئۈچ ئاياق.

802 پۈتۈن ئۈچ ئاياقلىق قىڭغايماس بولۇر،
تۇرۇر ئۈچ پۇتى تۈز ھەم قايماس بولۇر.

803 قىڭغايسا بىرى ئۈچ ئاياقنىڭ ئەگەر،
قايار ئىككىسى، ئولتۇرۇچى چۈشەر.

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

817 كېرەك ئوغلۇم ئۆلسۇن، يېقىن تۇققىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونغىنىم.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

خان بۇ يەردە ئولتۇرغان كۇرسىنى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىگە، ئۇنىڭ تۈز تۇرغان ئۈچ ئايىغىنى ئادىللىققا ئوخشىتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا «ئوخشاش مېنىڭ بەگلىكىمنىڭ ئۇلى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلسا، ئىشى ئادىل يۈرگۈزۈلسە يىقىلمايدۇ، يىمىرىلمەيدۇ» دەيدۇ.

مۇئەللىپ بۇ يەردە دۆلەتتە قانۇن بولۇش، قانۇن بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش،

قانۇن بولغاندىمۇ توغرا، ئادىل بولۇش، قانۇن ھەممە ئۈچۈن ئوخشاش ۋە بىردەك بو-
لۇش ئىدىيىلىرىنى خان ئاغزىدىن ئېيتىش شەكلى بىلەن ئىپادىلىگەن.

خاننىڭ ھەر بىر سۆزى "قانۇن" ھېساپلىنىدىغان ئەشۇ مۇستەبىتلىك ئىجتىمائى تۈ-
زۈمدە دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى، ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈشنى خان ياكى ۋە-
زىر ئاغزىدىن بىرىشكىلا بولاتتىكى، باشقا شەخسنىڭ تىلىدىن بىرىش ئەلۋەتتە چوڭ
جىنايەت ھېساپلىناتتى. موئەللىپنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش-
نى مۇراجىئەت قىلىشى خەلق ئۈستىدىكى تۇرلۇك زۇلۇمنى، ئېغىر ئازاپ - ئوقۇبەتنى
مەلۇم مەنىدە، مەلۇم دائىرىدە پەسەيتىش، يۇمشۇتۇش، چەكلەش ئارقىلىق مەۋجۇت ئىج-
تىمائى تۈزۈمنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، مۇستەھكەملەشنى مەخسەت قىلغان دېيىش — ئەسەرنىڭ
ئاساسى ئىدىيىسىدىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئىككىنچى، ئەسەردە، دۆلەت ھاكىمىيىتىدە قوراللىق قوشۇننىڭ ئورنى زۆرۈرلىگى،
ئەھمىيىتى، قوشۇن قوماندانىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە خېلى تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ.

2139 قىلمىچ بىرلە بەگلەر ئۇزاتۇر قولىن،
قىلمىچسىز غاپىل بەگ تۇتالماس ئېلىن.

2140 قىلمىچ بىرلە پالتا - بۇ ئەل ساقچىسى،
قىلمىچ بىرلە ئالار ئەل خەلق باشچىسى.

2141 نىمە دەيدۇ ئاڭلا جاھان تۇتقۇچى:
قىلمىچ، پالتا بىرلە ياۋنى ئوتقۇچى:

2143 قىلمىچلە پالتىنى ساقچى قىل، ئەي ئەر،
قىلمىچ ساقچى بولسا، بەگلەر تېچ ئۆتەر.

2270 كېرەك بەككە جەزمەن قوشۇن باشچىسى،
ئېچىشقا ياراشماس ياۋنىڭ ئۇيقىسى.

2271 بۇ ئىشقا جەسۇر، بەك قاتتىق ئەر كېرەك،
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن ئەر يۈرەك كېرەك.

2272 ناھايەت چوڭ ئىشتۇر قوشۇن باشلىماق،
تۆزەپ لەشكىرىنى، ياۋنى قىرىپ تاشلىماق.

2282 ئەقىللىق كېرەك ھەم يۈرەكلىك كېرەك،
جەسۇرلۇق كېرەك، كەڭ كۆڭۈللۈك كېرەك.

2296 قوماندان ئۆزىنى تۇتاركەن يوغان،
يېگەي دۈشمەندىن تاياق بىگۇمان.

2300 سىياسەت يورۇتسۇن قوشۇننىڭ بېشىنى،
سىياسەتكە باغلىق قوشۇننىڭ ئىشى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇراللىق كۈچنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىدىكى تۈۋرۈكلۈك ئورنىنى، دۆلەت بولۇش ئۈچۈن قۇراللىق قوشۇن بولماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ناھايىتى روشەن كۆرسەتكەن. ئۇ، قۇراللىق قوشۇن دۆلەتنى تاشقى تاجاۋۇزدىن ساقلايدۇ، ئىچكى قارشىلىقنى تىنجىتىدۇ، دۆلەتتە تىنچ - ئامانلىق، مۇقىملىق بولغاندىلا، دۆلەتنى ساقلاپ قالغىلى، ئۇنى باي قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

ئۈچىنچى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىلىم بىلەن ئىدارە قىلىش. دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىلىم بىلەن، ئەقىل بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئەھمىيىتىگە ئەسەردە ناھايىتى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىلغان. ئاپتور مەيلى قانۇن، مەيلى ھەربىي قوشۇن، مەيلى خان، ۋەزىر ۋە ئوردا خادىملىرىنىڭ سۈپەتلىرى ئۈستىدە توختالسۇن، قىسقىسى، ئەسەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك ئىلىمنىڭ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا زۆرۈر شەرت ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلىنى ئەسەرنىڭ يادروسى، مۇئەللىپنىڭ ئەسەرنى يېزىشتا ئۆز ئالدىغا قويغان ۋە يەتمەكچى بولغان تۈپ مەقسىدى دېيىشكە بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

217 جاھان تۈزەتكىلى ئەر ئوقۇشلۇق كېرەك،
كېرەك يۇرت سوراشقا ئەقىل ۋە يۈرەك.

303 ئەقىل بىرلە ئېسىل ئاتىلۇر كىشى،
بىلىم بىرلە بەگلەر قىلۇر ئەل ئىشى.

1780 بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.

1840 كىشى تۈن كەبى بىر قاراڭغۇ ئۆيدۇر،
ئەقىل بىر چىراقتەك ئۇنى يورۇتۇر.

1861 ئەقىل بىر چىراقتۇر، كۆزى يوقعا كۆز،
ئۆلۈك تەنگە جان ئول، گاچا تىلغا سۆز.

1969 گەر ئىشتا يېڭىلسە بەگلەر، ئەي خاقان،
بۇ بەگلىك كېسەلدۇر داۋالا شۇئان.

1970 داۋاسى بۇ دەرتنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم،
داۋالا ئەقىللە، خۇلقى مۇلايىم.

مۇستەبىت خانلىق تۈزۈمدە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى خان ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىقىغا، زوراۋانلىقىغا تايىنىپ ئىدارە قىلىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ھەممىلا يەردە دېگۈدەك ئىلىم، ئەقىل - پاراسەتنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىدارە قىلىشتىكى زۆرۈرلىكىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ، ھېچ بولمىغاندا، خاننىڭ زوراۋانلىق تەرەپلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئادالەتپەرۋەرلىكنىڭ ئىلىم ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىنى نامايەن قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق تۈزۈمى شارائىتىدا ئىلىمنى ئادالەت بىلەن بىر قاتاردا قويۇش، ھەتتا ئىلىمنى ئادالەتنىڭ تايانچىسى دەپ مەدھىيىلەشنىڭ ئۆزى ئۆز دەۋر چەكلىمىسىنى بۆسۈپ ئۆتكەن مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ.

تۆتىنچى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئىلىم بىلەن قۇراللىق كۈچنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش. مۇئەللىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا قۇراللىق قوشۇننىڭ ۋە ئىلىم، ئەقىل - پاراسەتنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىللە بۇ ئىككىسىنى بىر بىرىگە ماسلاشتۇرۇش لازىملىقىنى، ئۇنىڭدىن بىرى كەم بولسا، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىدارە قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

268 ئېلىپ قولغا قىلىچ، بىرى ئەل تۈزەر،
قەلەم بىرلە بىرىسى، ھەق يول كۆرسىتەر.

2426 بولۇر تېز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى،
قەلەمسىز مۇمكىن ئەماس ئەل تۇتقىلى.

2716 جاھان تۈۋرۈكىدۇر مۇشۇ ئىككىسى،
كى مەيلى ئۆتمۈشتە، مەيلى كەلگۈسى.

2419 بۇ ئىككىسى ئەلنىڭ تەرتىۋىن تۈزەر،
بىرىكمەس بۇ ئىككى ئۇنى كىم ئۈزەر.

مۇئەللىپنىڭ دولەت كۆز قارىشى ئىچىدە ئىلىم بىلەن قۇراللىق قوشۇننى، قەلەم بىلەن ئەلەمنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئىنتايىن دانا پىكىر ھېساپلىنىدۇ.

بەشىنچى، ئەدەپ - ئەخلاق، ياخشى پەزىلەت ۋە خىسلەتنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىدارە قىلىشتىكى رولى. مۇئەللىپ پادىشادىن تارتىپ ئوردا خادىملىرىغىچە ھەممىسىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ياخشى پەزىلەتلىك، ئېسىل خىسلەتلىك بولۇشىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسى شەرتلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىر قەدەر كەڭ بايان قىلىدۇ:

285 ھۆكۈمدارغا خىسلەت كېرەك مىڭ تۈمەن،
ئۇنىڭلە تۇتسا ئەل، يوقالۇر تۇمان.

863 تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ ياڭلىغ بولۇرچىن ۋە توغرا كىشى.

895 ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر،
بېيىپ ھەممە خەلقى، جاھان تۈزۈلەر.

1436 ئېلىگ سەن بۈگۈن خەلقنىڭ باشچىسى،
بول ئويغاق، ئەقىللىق، خەلق ساقچىسى.

2012 گۈزەل بولمىسا بەگدە خۇي، سۆز ۋە تىل،
ئۇ ئەلدە تۇرالماي قاچار بەخت، بىل.

2037 ياماندىن ياماندۇر ئەي ساھىپقىران،
ئەگەر ئاتىنىپ قالسا يالغانچى خان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: مۇئامىلىدە سىلىق بولۇش؛ سەۋرچان ۋە كەمتەر بولۇش؛ خۇلقى - مىجەزى خۇشخۇي بولۇش؛ دىلى بىلەن تىلى بىردەك بولۇش، ئىچى بىلەن

تېشى بىر خىل بولۇش؛ تۈز كۆڭۈل، ئىچ قارنى كەڭ بولۇش؛ ئىنسانپەرۋەر بولۇش؛ خەلقپەرۋەر بولۇش؛ ئادىل ئىش قىلىش. ئەدەپ - يوسۇنلۇق، قائىدە قانۇنلۇق بولۇش؛ باتۇر، جەسۇر بولۇش؛ يالغانچى بولماسلىق؛ ئاچكۆز، تاماخور بولماسلىق؛ تەنتەكلىك قىلماسلىق؛ خەلققە زۇلۇم سالماسلىق؛ ئوغرىلىق، خىيانەتچىلىك قىلماسلىق؛ هاراقكەش، زىناخور بولماسلىق؛ ھەسەتخور بولماسلىق؛ خوشامەت قىلماسلىق؛ پىتنە - پاساتتىن يىراق بولۇش؛ يوغانچى تەكەببۇر بولماسلىق ...... نى ياخشى ئەخلاقى - پەزىلەت دەپ كۆرسىتىدۇ.

چۈنكى، دۆلەتنىڭ بەخت - سائادەت، قۇدرەت تېپىشىدا، خەلقنىڭ دۆلەتنى سۆيۈشى، خەلق قەلبىنىڭ دۆلەتكە تەلپۈنۈشى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. خەلقنىڭ دۆلەتنى سۆيۈشى دۆلەت ئەرباپلىرى ۋە خادىملىرىنىڭ ئەخلاق، پەزىلەت، سۈپەتلىرىگە باغلىق. ھەر قانچە قۇدرەتلىك ۋە مۇستەھكەم مەملىكەتمۇ خان، ۋەزىرلىرىنىڭ، دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئەقلاقى جەھەتتىن بۇزۇلىشى، چىرىكلىشىپ - چۈشكۈنلىشىشى تۈپەيلىدىن، ئىچىدىن يېمىرىلىپ ۋەيران بولغان. بۇ ھەقىقەتنى ئالىم ئۆز زامانىسىدا ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆزەتكەن ۋە بۇنىڭدىن توغرا يەكۈن چىقارغان.

مۇئەللىپنىڭ خانغا ئادالەتنى، ۋەزىرگە بەخت - سادەت يارىتىشنى، دۆلەت ئەرباپلىرىغا بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىشنى دارتما قىلىشى، دۆلەت خادىملىرىغا خەلقپەرۋەرلىكنى ئاساس قىلغان ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى مۇراجىئەت قىلىشى ئۆز زامانىسى ئۈچۈن ناھايىتى زور يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە ئىلغار پىكىر ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنى، زۇلۇمنى يوقىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نۇقتىنەزەر ئۆز دەۋرىدە مەھكەم ئورۇندا تۇرۇۋاتقان كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائى تۈزۈمگە نىسبەتەن ۋۇجۇدىدا قايناپ تۇرغان نارازىلىق، قارشىلىقىنىڭ ئىنكاسى؛ مەزلۇم خەلقنىڭ ئاھى - نالىسى، ئازاپ - ئوقۇبەتلىك ھاياتىنىڭ مۇئەللىپ تەپەككۇرىدىكى ئىنكاسى. بۇ پىكىرلەر ئۆز زامانىسى ئۈچۈن بىباھا قىممەتلىك پىكىرلەر ھېساپلىنىدۇ، شۇنداقلا، ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق تۈزۈمدىكى ئىلغار پىكىر ئېقىملىرى تارىخىنى چۈشىنىشتە بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەپسۇسكى، دەۋر چەكلىمىسى مۇئەللىپ پىكىرلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا يول قويمايتتى. ئەينى زاماندىكى پېئوداللىق دۆلەتتە مۇئەللىپ مۇراجىئەت قىلغان، تەشەببۇس قىلغان، ئارزۇ - ئارمان قىلغان مەنزىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەساۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇئەللىپنىڭ ئۆزىدىكى بەزى بىر قۇتۇلغۇسىز ئاجىزلىقلار تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ، تەشەببۇسلىرى ۋە ئىستەكلىرىنىڭ قىممەتلىك مەھسۇلاتى ۋە گۇۋاچىسى بولغان نادىر ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» مۇ خانغا تەقدىم قىلىنغان.

دېمەك، مۇئەللىپ ئۆز تەشەببۇسلىرىنى خان ئارقىلىق، خانلىق تۈزۈم ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان. ئەسەرنىڭ باش تەرىپىدە ئۆز زامانىسى ئۈچۈن ئادەتكە ئايلىنىپ

قالغان يۇسۇن بويىچە خۇدا، پەيغەمبەر، چاھارىيارلار قاتاردا خانغىمۇ مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. بۇ سەۋەپلەرگە بىنائەن مۇئەللىپنىڭ بەرپا قىلماقچى بولغان دۆلىتى غايىۋى ئىجتىمائى تۈزۈم بولۇپ قالماي مۇمكىن ئەمەس.

لېكىن دەۋىر چەكلىمىسى، مۇئەللىپتىكى قۇتۇلغۇسىز ئاجىزلىقلار ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ھەرگىزمۇ ياپالمايدۇ. بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىكى نادىرلىقلىرى بىلەن جاھان ئە-قىل بۇلىقىغا قوشۇلغان بىر تامچا ھېساپلىنىدۇ.

# «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ھەربى كۆز قاراشلار توغرىسىدا

ھاجى نۇراجى

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپە تارىخىدا يۈكسەك دەۋر بۆلگۈچ نامايەندە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قانۇن، ئىجتىمائى ئەخلاق، ھەربى ئىشلار تارىخى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك ماتېرىيال. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسەردە ئىجتىمائى ئىدىئولوگىيىگە ئائىت بىر قاتار مەسىلىلەرنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنى قىلىچ ۋە بىلىم ئاساسىدا باشقۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم بىر ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھەمدە ھەربى ئىستىراتېگىيىگە ئائىت بىر قاتار ھەربى كۆز قاراشلارنى خېلى تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويغان. شۈبھىسىزكى، بۇ قاراشلار ئۆز دەۋرى تارىخى شارائىتىدىن ئېيتقاندا، خېلىلا ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

قارا خانىلار دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرى ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق تالىشىش كۆرەشلىرى كەسكىنلىشىپ، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلگەن ئىدى. قوماندانلىقتا بىردەك بولماسلىق، مەنپەئەت قوغلۇشۇش، ھەربى ئىنتىزام بوشۇشۇشقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ شەكىللىنىشى نەتىجىسىدە، ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىشىشقا باشلىغان ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قارا خانىلار جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئارمىيىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىدىكى رولى، قوماندانىنىڭ ئارمىيىدىكى ئورنى ۋە قوماندانىنىڭ سۈپەتلىرىنى يىپ ئۇچى قىلغان ئاساستا ھەربى تەلىم تەربىيە، ھەربى ئىنتىزام، ئىستىراتېگىيە، تاكتىكا قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار ئىجابى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھەمدە قارا خانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربى ئىشلار ئىلمىگە يېڭى مەزمۇنلار قوشتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھەربى ئىلىم جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلىرى قارا خانىلار جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا تارىختىكى ھەربى بىلىملەرنىڭ، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇش تەجرىبىلىرىنىڭ سىستېمىلىق يەكۈنلىنىشى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، «قىلىچ بىلەن بىلىم» ـ دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ 2 ئاساسى تۈۋرۈكى، دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ ئاساسى قورالى، دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم مۇشۇ ئىككى قورالنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

2418 ۋەزىرلىك بىردۇر ئۇنىڭدا قەلەم،
قىلىچ تۇتتى بىرسى، قولىدا ئەلەم.

2419 بۇ ئىككىسى ئەلنىڭ تەرتىۋىن تۈزەر،
بىرىكسە بۇ ئىككىسى ئۇنى كىم ئۈزەر.

2425 قىلىچ بىرلە ئالدى كۆر ئەل ئالغۇچى،
قەلەم بىرلە تۇتتۇر يۇرتنى تۇتقۇچى.

2426 بولۇر تىز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى،
قەلەمسىز مۇمكىن ئولماس ئەل تۇتقىلى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئەلەم» نىڭ يەنى ھەربى ئىشلارنىڭ مۇھىملىقىنى نۇقتەلاشتۇرغىنىدا، قوشۇن باشلىغۇچى قوماندانىنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قارىمىغان، بەلكى قوماندانىنى تاللاشنىڭ مۇھىملىقى ۋە قوماندانىنىڭ سۈپەتلىرى ئۈستىدە كەڭ توختىلىپ، ئۇنىڭ كەسىپ ئەھلى بولۇشى لازىملىقى، ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەسلىكى، چاققان، جاسارەتلىك ھەم پەم - پاراسەتلىك، سەممى، راستچىل بولۇشىنى، خەلققە، ئەسكەرلەرگە نىسبەتەن كۆيۈمچان ياخشى مىجەزلىك بولۇشىنى؛ مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىشى لازىملىقىنى تەلەپ قىلغان. ھەمدە بۇلارنى ئورۇشتا غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشقا ئالاقىدار ئاچقۇچلۇق مەسىلە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ قارىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوماندانىنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە:

2270 كېرەك بەككە جەزمەن قوشۇن باشچىسى،
ئېچىشقا ياراشماس ياۋنىڭ ئۇيقىسى.

2272 ناھايەت چوڭ ئىشتۇر قوشۇن باشلىماق،
تۈزۈپ لەشكىرىن ياۋنى قىرىپ تاشلىماق.

دەپ كۆرسەتسە، قوماندانىنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

2323 كېرەك بۇ قانچە ئىش قوماندان ئۈچۈن،
ئىشنى رەتلىسە تۈزۈپ يول - يوسۇن.

2324 سۆزى چىن ئېيتقىنى راس ئولسۇن تامام،
ئۇلۇغ بولسا يالغانچى پۈتمەس ئاۋام.

2325 ئىككىنچى، سىخىلىق، بىردىشتۇر ئىشى،
بېخىلغا يولىماس ئالارمەن كىشى.

2326 ئۈچىنچى، يۈرەكلىك ۋە بولسۇن جەسۇر،
يۈرەكسىز ياۋنى كۆرسە ئاغرىپ ياتۇر.

2327 تۆتىنچى ئۇ بىلسۇن ھىلە ۋە پىلان،
تۇتۇر ھىلە بىرلە كىشى ئارسىلان.

2329 قوماندانلىدا بولسا بۇ خىسلەت ئەگەر،
يېڭىپ يېغىنى، ھەيۋىسىن يوق ئېتەر.

2277 ئۆزىگە بىر ئات، تون، قورال بەس ئېتەر،
جاھانغا ئېتى بولسا مەشھۇر يېتەر.

2278 ئوغۇل - قىز غېمىن دەپ مېلىن يىغمىسا،
بېشىم، سۇ، يېرىم دەپ كۆڭۈل تاپمىسا.

2284 يۈرەكسىز كىشى ئۇ قوشۇنىن بۇزار،
بۇزۇلسا قوشۇن، ئەر بىر - بىرىن بۇزار.

2297 تەكەببۇر كىشىلەر غاپىللىق قىلۇر،
غاپىللار بۇزۇلۇر، يا بىۋاخ ئۆلۈر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، قوماندان ئۇرۇش پىلانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا چوقۇم ئەملىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىش، ئۆزىنىمۇ بىلىش، ئۆزگىنىمۇ بىلىش، بولۇپمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەشكە ماھىر بولۇشى لازىم. شۇڭا، ئۇ ئەھۋال ئىگەللەشتە چارلاش، رازۋېدكا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

2342 كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قۇلاق كۆزنى ساقلاپ، يىراق قارىماق.

2350 قوشۇننى كۈزەتسۇن، ئۇ تىل ① بەرمىسۇن،
قوشۇن ئازمۇ كۆپ ياۋ ئۇنى بىلمىسۇن.

① تىل - خەۋەر مەنىسىدە

2351 ئەڭ ئاۋال تىرىشىپ تىل ئالماق كېرەك،
بۇ تىلدىن ياۋ ھالىنى بىلمەك كېرەك.

2352 ئىشنى شۇنىڭغا قاراپ ئىشلىسۇن،
كېسىپ ياۋ بېشىنى بويىنىن يەنچىسۇن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن لاياقەتلىك قوماندانىنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى خىللانغان، تولۇق قوراللانغان، مەلۇم تەربىيە كۆرگەن مۇنتىزىم قوشۇن بولۇشى كېرەك. بۇ قوشۇن ئاز بولسىمۇ ساز بولۇشى، قەيسەر، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان باتۇرلاردىن بولۇشى لازىم.

2339 قوشۇننى كۆپەيتمەي، قىل ئەرلەرنى خىل،
يىگىتلەر بىلەن تەڭ قورال سەرە قىل.

2333 قوشۇن سانى كۆپ بولسا باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز، يۈرەكسىز بولۇر.

2332 كېرەكمەس كۆپ چېرىك، چېرىك خىل كېرەك،
چېرىككە خىللانغان خىل قورال كېرەك.

2310 سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
توقۇشقاندا يىلۋىز بىلەكلىك كېرەك.

2283 سوقۇشتا كېرەكسىز يۈرەكسىز كىشى،
يۈرەكسىز كىشى ئۇ، چىشى ئوخشىشى.

2340 كۆپىدىن ئېزى خوپ، بولسا مۇنتىزىم،
يىگىلغان سانى كۆپ چېرىك كۆپ قېتىم،
............................

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قوماندان ۋە ھەربىي ئىستىراتېگىيىگە ئائىت بايانلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى:

1. ئۇ ئۇرۇشنى ئوبيېكتىپ نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەھلىل قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئۇرۇش مەسىلىرىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ، قوماندانىنى ئۇرۇش سەنئىتىنى ئۆگىنىشكە چاقىرغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ئوبيېكتىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش نۇقتا قىلىش ۋە ئۇرۇش

قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەش، قوماندانىنىڭ جەڭنى غەلىبىلىك قىلىش، قىلالماسلىقىدىكى ئالدىنقى شەرت؛ ھالبۇكى ئەتراپلىق زۆرۈر چارلاشلار ئارقىلىق دۈشمەن تەرەپنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش، قوشۇنلارنى ئەھۋالغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش، غەلىبە قىلىشتىكى مۇھىم ئامىل، دەپ قارىغان.

2. ئۇ ئۇرۇشتا ھەم جۈرئەتلىك بولۇش، ھەم پەم پاراسەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ھەربىي ئىشلاردا ئەڭ بولمىغۇر خاراكتېر - قورقۇنچاقلىق. ئۇ «قورقۇنچاق قوماندانىنىڭ ئورنى يوق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز ئارقىلىق «قورقماس جاڭجۇن يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھەمدە دۈشمەن بىلەن مەرتلەرچە جەڭ قىلىش ۋىجدانلىق ئادەملەرنىڭ پەزىلىتى، دۈشمەن بىلەن مەرتلەرچە جەڭ قىلماي قاچقۇن بولۇش - ۋىجدانسىز ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتى دەپ كۆرسىتىپ، باتۇرلۇق، جۈرئەتلىك، جاسارەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، ئۇرۇشتا جۈرئەتلىك بولۇشنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، يولى كەلگەندە ھىيلە ئىشلىتىشنى بىلىش، ئۇ ياقتىن شەپە بېرىپ، بۇ ياقتىن زەربە بېرىش، ئۆز قوشۇنىنى يوشۇرۇش - ساقلاشقا ماھىر بولۇش، دۈشمەندە خاتا سېزىم پەيدا قىلىپ تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقىنى كۆرسەتكەن.

3. ئۇ، ئۇرۇشتا شەخسىي مەنپەئەت قوغلۇشۇش، مال دۇنيا يىغىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشتەك ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆككەن ھەمدە ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇش لازىملىقىنى تەلەپ قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ئەگەر قوماندانىدا شەخسىي مەنپەئەت قوغلۇشۇش بولىدىكەن، ئۇرۇشنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. خەلققە كۆيۈنمىگەن، خەلقنى سۆيمىگەن قوشۇن، غالىپ قوشۇن بولالمايدۇ، دەپ ھېسابلىغان. ھەمدە خەلق بىلەن ئەسكەرلەر مۇناسىۋىتىنى توغرى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم بىر ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ يەنە: ئارمىيىدە ئىنتىزامنىڭ مۇھىملىقىنى خېلى يۇقىرى ئورۇنغا قويغان ۋە قوماندانىنىڭ بۇ جەھەتتە ئۈلگە بولۇشىنى تەلەپ قىلغان.

4. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئارمىيىنىڭ سۈپىتىگە دىققەت قىلىشنى تەكىتلىگەن. ئۇ، ئارمىيىنىڭ ئاز بولسىمۇ ساز بولۇشىنى ھەمدە ئارمىيىنىڭ تەربىيىلىنىشى مەسىلىسىگە، قوراللىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كارغا كەلمەس كۆپ ئەسكەر ئىشقا يارىمايدۇ. پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىدۇ، شۇڭا كۆپ ئەسكەر ئىزدىگەندىن خىل ئەسكەر ئىزدىگەن ياخشى، لېكىن، بۇ ئەسكەرلەر يەنە مەلۇم تەربىيە كۆرگەن بولۇشى، تېگىشلىك قوراللار بىلەن قوراللانغان بولۇشى لازىم، بۇنىڭسىز غەلىبىلىك جەڭلەرنى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى قارا خانىلار دەۋرىنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىئولوگىيىلىك قامۇسى، دۆلەتنى قىلىچ ۋە بىلىم بىلەن تۈزەشنىڭ نادىر دەستۇرى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جۈملىدىن قارا خانىلار دەۋرىنىڭ ھەربىي ئىشلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرى-

يالى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدىكى، قارا خانلار سۇلالىسىنىڭ ھەربى ئىشلار ئىلمىگە دائىر ئەسەرلەر ئىچىدە قوماندان ۋە ئۇرۇش ئىستىراتېگىيىسى، ئۇرۇش قانۇنىيەتلىرى سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر بايان قىلىنغان. ئەسەر تېخى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن، يېتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك» ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەربى ئىشلار غەزىنىسىدە بىر گۆھەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھان مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان مۇھىم بىر تۆھپىسىدۇر.

نۆۋەتتە، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا. بىز ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق نۇقتىئىنەزىرى بويىچە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا توغرا باھا بېرىپ ۋە ئۇنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، ئۇنى بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا يەنىمۇ زور تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىشىمىز لازىم.

# ئۆلچەم لوگىكىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى

رازاق مەتنىياز

ئۆلچەم لوگىكىسى لوگىكا ئىلمىنىڭ بىر يېڭى تارمىقى بولۇپ، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان يېڭى پەن. ئۇ، لوگىكىلىق ھېساپلاش ئۇسۇلى بىلەن «شەرت»، «يول قويماق»، «مەنئى قىلماق» قاتارلىق ھەركەت ئۆلچەملىرىنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەر ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. بىز بۇ ماقالىمىزدا ئۆلچەم لوگىكىسى ئۈستىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىمىز:

## ھەركەت ئۆلچىمى

ھەركەت ئۆلچىمى دېگەندە، جەمئىيەتتە ياشىغۇچى كىشىلەر ھەركىتىنىڭ ئۆلچىمىنى كۆزدە تۇتىمىز.

ئىنسانلار باشلانغۇچ جامائەت تۈزۈمى بولۇپ ئۇيۇشقاندىن تارتىپ ئۆز ھەركەتلىرىنىڭ ئۆزگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولۇشتەك خاراكتېرىنى پەرق ئېتىشكە باشلىغان. سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ھەر بىر سىنىپ ئەزالىرى ئۆز سىنىپىي مەنپەئەتلىرىگە قارىتا ياخشىلىق ۋە يامانلىق، پايدىلىق ۋە زىيانلىق خاراكتېرىنى ئايرىتىشى، ھەر خىل ئۆلچەملەرنى بەلگىلىشى ئاساسىدا، قانۇن - تۈزۈم، ئەمىر - پەرمان، ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنلار بارلىققا كەلگەن. بۇلار بەلگىلىك بىر سىنىپنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ياخشى - يامان، خاراكتېرىنى ئاساس قىلغان ھەركەت ئۆلچىمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ خىل ھەركەت ئۆلچەملەرنى قانۇنشۇناسلىق ۋە ئەخلاقشۇناسلىق پەنلىرى كونكرېت تەتقىق قىلىدۇ. ئۆلچەم لوگىكىسى بولسا، مۇشۇ كونكرېت ئۆلچەملەر ئىچىدىن ئىنسان تەپەككۇرى ئابستراكتسىيەلەش ۋە يىغىنچاقلاش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن «زۆرۈر»، «شەرت»، «مەنئى قىلماق»، «رۇخسەت قىلماق» قاتارلىق تەپەككۇر شەكلى ئۇقۇملارنى ۋە شۇ ئۇقۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەرنى؛ شۇ ھۆكۈملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئۆلچەم سۆزلىرى: — ھەركەت ئۆلچەملىرى سان - ساناقسىز بولسىمۇ، ئۇلارنى ئىپا-

دېلەپ بېرىدىغان ئۆلچەم سۆزلىرى ناھايىتى چەكلىك. مەسىلەن، ھەربىر پۇقرا مېھنەت قىلىشى شەرت، قانۇن - تۈزۈم، ئەمىر - پەرمانلارغا بويسۇنۇشى شەرت، ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈشكە يول قويۇلمايدۇ. بالىلار ئۆز ئاتا - ئانىلىرىنى ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلىشى زۆرۈر، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئاسرىشى، تەربىيىلىشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئىنتىزامىغا بويسۇنۇشى كېرەك ۋە ھاكازا. مانا مۇشۇنداق ھېساپسىز ھەركەت ئۆلچەملىرىنى ئىنسان تەپەككۇرى «زۆرۈر»، «شەرت»، «لازىم»، «كېرەك»، «يول قويماسلىق»، «رۇخسەت قىلماسلىق»، مەنئى قىلىش»، «چەكلەش»، «رۇخسەت قىلماق»، «يول قويماق» قاتارلىق چەكلىك ئۇقۇملار بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ ئۇقۇملار شۇ ئۆلچەم ھەركەتلىرىنىڭ ئىنسان مېڭىسىدىكى ئىنكاسى، ھەركەت - بۇ ئۇقۇملارنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇنى، ئۇقۇملارنىڭ ئۆزى بولسا شۇ ئوبيېكتىپ مەزمۇننىڭ تەپەككۇر شەكلى. ئۇقۇم، ياپ - يالىڭاچ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئۇ پەقەت تىل شەكلى ئارقىلىقلا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئۇقۇملار ئۆلچەم سۆزلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆلچەم سۆزلىرىنىڭ گىرامماتىكىلىق مەنىلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ پەقەت، لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بۇ سۆزلەرنىڭ بىرىنچىدىن، كىشىلەر ھەركىتىگە بەلگىلىك چەك قويىدىغان ئومۇمىي ۋە ئورتاق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئىككىنچىدىن، كىشىلەر ھەركەت قىلغاندا، شۇ چەك ئۆلچەم دائىرىسىدە ھەركەت قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، «سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ»① دېگەن جۈملىدە «مەنئى قىلىش» سۆزى «بۇزغۇنچىلىق قىلىش» ھەركىتىنى چەكلەش كېرەكلىكىنى، ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ بۇ چەككە بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى ئىپادىلىگەن. دېمەك، ئۆلچەم سۆزلىرى جۈملىدە ھەمىشە ھەركەتنى ئىپادىلىگۈچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، شۇ پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ھەركەتنى چەكلەش، كىشىلەرنىڭ شۇ چەككە بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلچەم سۆزلىرى ھەركەتنى ئىپادىلىگۈچى پېئىللار ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، تولۇق ئاياقلاشقان بىر ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇنداق جۈملىلەر، ئادەتتە، ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكا كىتابلىرىدا بايان جۈملىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ تەتقىق قىلىنىدۇ. يۇقۇرىدىكىدەك ئۆلچەم سۆزلىرى جۈملىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئابستىراكت مەزمۇنى تېخىمۇ كونكرېتلىشىدۇ. تىلدىكى بايان جۈملىلەر، ئادەتتە، ھۆكۈمنى بىۋاستە ئىپادىلەيدۇ.

ئۆلچەم ھۆكۈملىرى: - «ھۆكۈم» دېگىنىمىز تەپەككۇر ئوبيېكتى ئۈستىدە بىرەر نەرسىنى تەستىقلەيدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان تەپەككۇر شەكلى. ھۆكۈملەردە ھۆكۈملەنگۈچى (S)، ھۆكۈملىگۈچى (P)، باغلىغۇچى ۋە مىقدار ئالامەتلىرى بولىدۇ. ھۆكۈملەنگۈچى (S) بىلەن ھۆكۈملىگۈچى (P) ھۆكۈملەردە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزگىرىشچان ئالامەت دەپ ئاتىلىدۇ؛ باغلىغۇچى بىلەن مىقدار ئالامەتلەر بىر قەدەر تۇراقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن،

تۇراقلىق ئالامەت دېيىلىدۇ.

ھۆكۈملەر تەپەككۇر ئوبيېكتى ئۈستىدە بىرەر نەرسىنى تەستىقلەيدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان تەپەككۇر شەكلى بولغاچقا، ھۆكۈملەردە چىنلىق - ساختىلىق مەسىلىسى مەۋجۇت بولىدۇ.

ئۆلچەم ھۆكۈملىرى «شەرت»، «چەكلەش»، «رۇخسەت قىلماق» قاتارلىق ئۆلچەم ئۇقۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەرنىڭ بىر تۈرى. ئۇ ئادەتتىكى خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈملەر ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ، شۇڭا ئۆلچەم ھۆكۈملىرىمۇ خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈملەر ئىگە بولغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. مەسىلەن: بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت خادىملىرى خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشلىرى شەرت. بۇ يەردىكى ئۆلچەم ھۆكۈمى «بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت خادىملىرىنىڭ خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار» دېگەن خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم ئاساسىدا شەكىللەنگەن. لېكىن ئۆلچەم ھۆكۈمى مۇشۇ خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم تەركىبىدىكى «مەجبۇرىيىتى بار» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا «شەرت» دېگەن ئۆلچەم سۆزىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەچكە ئۇ، ئۆزىگە ئاساس بولغۇچى خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمنىڭ پۈتۈن خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە ساقلاپ قالغان.

خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈملەر تەپەككۇر ئوبيېكتى ئۈستىدە بىرەر بەلگىنى مۇئەييەنلەشتۈرسە، ئۆلچەم ھۆكۈملىرى پەقەت قانۇن، ئەخلاق، جامائەت پائالىيىتى ھەققىدىكى مۇئەييەن ئۆلچەملەرنىڭ بايانىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. مانا بۇ، ئۆلچەم ھۆكۈم بىلەن خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمنىڭ مۇھىم پەرقى.

بىز ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۆلچەم سۆزلىرى ۋە ئۆلچەم سۆزلىرى بىرىكىپ كېلىدىغان ھۆكۈملىگۈچى (P) قىسمىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئۆلچەم ھۆكۈمنىڭ تۈرلىرى: - ئۆلچەم ھۆكۈملىرى قۇرۇلۇش تەركىبىگە ئاساسەن، ئاددى ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ۋە قوشما ئۆلچەم ھۆكۈملىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ تەركىبىدىكى ئۆلچەم ئۇقۇملىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ يەنە شەرت ئۆلچەم ھۆكۈملىرى، چەك ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ۋە ئىجازەت ئۆلچەم ھۆكۈملىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. شەرت ئۆلچەم ھۆكۈملىرى - «شەرت»، «كېرەك»، «زۆرۈر»، «لازىم» قاتارلىق ئۆلچەم سۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: ھەر قانداق پۇخرا ئاساسىي قانۇندا ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى شەرت. ھەر قانداق كىشى دىنىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەركەتلەرنى ئېلىپ بارماسلىقى لازىم. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرى ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەركەتلەرنى قىلماسلىقى كېرەك.

كەلتۈرۈلگەن بىرىنچى مىسالدىكى «شەرت»، ئىككىنچى مىسالدىكى «لازىم»، ئۈچىنچى مىسالدىكى «كېرەك» سۆزلىرى شەرت ئۆلچەم ھۆكۈملىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللاردۇر.

بۇلار ئىشلىتىلىش سالمىقى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، «شەرت» سۆزىنىڭ سالمىقى «لازىم» ۋە «كېرەك» سۆزلىرىنىڭ سالمىقىدىن ئېغىر. گەرچە بۇ سۆزلەر سالماق ۋە تۈس جەھەتتە قىسمەن پەرقلەنسىمۇ، تەپەككۇر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ھەركەت ئۆلچىمىنىڭ شەرت خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەرنى يىغىنچاقلاپ شەرت ئۆلچەم ھۆكۈملىرى دەپ ئاتايمىز. بۇنداق ھۆكۈملەر تەپەككۇر پائالىيىتى جەھەتتە كۆپلەپ ئىشلىتىلىدۇ. بىز مۇشۇنداق خىلمۇ - خىل ھۆكۈملەرنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇن بىلەن زىچ بىرىككەن كونكرېت شەكىللىرى ئىچىدىن ئۇلارغا ئورتاق ۋە ئومۇمىي شەكىلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. بۇ خىل ئورتاق ۋە ئومۇمىي شەكىل ئىچىدىن «شەرت» سۆزىنى «لازىم»، «كېرەك»، «زۆرۈر» قاتارلىق سۆزلەرگە ۋەكىل قىلىپ ئالىمىز، نەتىجىدە شەرت ئۆلچەم ھۆكۈملىرىنىڭ تىۋۋەندىكىدەك فورمۇلاسىغا ئىگە بولىمىز:

$P - S$ بولۇشى شەرت.

بۇنىڭدىكى $P - S$ خاراكتېرلىگۈچى تەستىق ھۆكۈملەرنىڭ فورمۇلاسى. مەسىلەن: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى (S) جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ (P)، فورمۇلاسى مۇنداق: $P - S$ خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمنى شەرت ئۆلچەم ھۆكۈمگە ئايلاندۇرساق، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى (S) جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى (P) شەرت» بولىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ھۆكۈمنىڭ فورمۇلاسىنى $P - S$ بولۇشى شەرت دەپ يېزىشقا بولىدۇ.

«شەرت» سۆزى شەرت ئۆلچەم ھۆكۈملىرىگە ئورتاق بولغان ئامىل بولغاچقا، بىز «شەرت» سۆزىنى O ھەرپى بىلەن بەلگىلىسەك، بۇ ھالدا، شەرت ئۆلچەم ھۆكۈمىنىڭ فورمۇلاسى:

$OP - S$ شەكلىگە كىرىدۇ. فورمۇلادىكى S ھەرپى ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەت. شەرت ئۆلچەم ھۆكۈملىرىدە، O نىڭ S بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئانچە زىچ ئەمەس، O ھۆكۈملىگۈچى P بىلەن بىۋاستە باغلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىز فورمۇلانى تېخىمۇ قىسقارتىپ OP دەپ يازىمىز. OP ھەم شەرت ئۆلچەم ھۆكۈملىرىنىڭ فورمۇلاسى، ھەم شەرت ئۆلچەم ھۆكۈملىرىنىڭ ھەرپلىك نامى بولىدۇ.

2. چەك ئۆلچەم ھۆكۈملىرى - «چەكلەش»، «يول قويماسلىق»، «مەنئى قىلىش» قاتارلىق چەكلەش ئۇقۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: پارتىيىمىز ھەر قانداق شەكىلدىكى شەخسكە چوقۇنۇشنى چەكلەيدۇ.

نىكا ئەركىنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

ھەر قانداق شەخسنىڭ يەرلەرنى ئىگەللىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

زالدا تاماكا چېكىشكە رۇخسەت يوق.

بىرىنچى مىسالدىكى «چەكلەش»، ئىككىنچى مىسالدىكى «مەنئى قىلىش» ئۈچىنچى

مىسالدىكى «يول قويماسلىق»، ئۈتىنچى مىسالدىكى «روخسەت يوق» سۆزلىرى چەك ئۈلچەم ھۆكۈملىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللاردۇر. بۇلار ئىشلىتىلىش سالمىقى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. «چەكلەش» سۆزىنىڭ سالمىقى «مەنئى قىلىش»، «يول قويماسلىق»، «روخسەت يوق» سۆزلىرىنىڭ سالمىقىدىن ئېغىر. گەرچە بۇ سۆزلەر سالماق ۋە تۈس جەھەتتىن پەرقلەنسىمۇ تەپەككۇر نۇقتىسىدىن، ئۇلار ھەرىكەت ئۈلچىمىنىڭ قاتتىق چەك-چېگرىسىنى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەرنى چەك ئۈلچەم ھۆكۈملىرى دەپ ئاتايمىز. بۇ خىل ئۈلچەم ھۆكۈملىرىمۇ تەپەككۇر ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆپلەپ قوللىنىلىدۇ. بىز نۇرغۇنلىغان كونكرېت ئۈلچەم ھۆكۈملىرىدىن، مۇشۇ ھۆكۈملەرگە ئورتاق بولغان ئومۇمىي شەكىلنى يىغىنچاقلاپ چىقىرىپ تەتقىق قىلىمىز. بۇ خىل ئورتاق ۋە ئومۇمىي شەكىلدە «چەكلەش» سۆزىنى «يول قويماسلىق»، «مەنئى قىلىش»، «روخسەت قىلماسلىق» قاتارلىق سۆزلەرگە ۋەكىل قىلىپ ئالىمىز. شۇنىڭ بىلەن چەك ئۈلچەم ھۆكۈملىرىنىڭ فورمۇلاسىغا ئىگە بولىمىز.

$S — P$ بولۇشى چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: يۇقۇرقى بىرىنچى مىسالدىكى «پارتىيىمىز ھەر قانداق شەكىلدىكى شەخسكە چوقۇنۇشنى چەكلەيدۇ» نىڭ خاراكتېرلىغۇچى ھۆكۈم شەكلى «پارتىيىمىز (S) ھەر قانداق شەكىلدىكى شەخسكە چوقۇنۇشنى ئېلىپ بارمايدۇ (P)». فورمۇلاسى $S — P$ ئەمەس. يۇقۇرقى چەك ئۈلچەم ھۆكۈمى شەكلى مۇشۇ ھۆكۈمگە «چەكلەش» ئۈلچەم سۆزى «چوقۇنۇش» پېئىلى بىلەن بىرىكىپ مەيدانغا كەلگەن: «پارتىيىمىز (S) ھەر قانداق شەكىلدىكى شەخسكە چوقۇنۇشنى (P) چەكلەيدۇ. $S—P$ بولۇشى چەكلىنىدۇ.

چەك ئۈلچەم ھۆكۈملىرىدە «چەكلەش» سۆزىنىڭ ئومۇمىي ۋە ئورتاق بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى F ھەرپى بىلەن ئىپادىلەيمىز. بۇ ۋاقىتتا چەك ئۈلچەم ھۆكۈملىرىنىڭ فورمۇلاسىنى مۇنداق يېزىشقا بولىدۇ: $S — Fp$.

ھۆكۈملەنگۈچىنىڭ ئالامىتى S نى چىقىرىپ تاشلىساق، ئۇ ھالدا، چەك ئۈلچەم ھۆكۈمىنىڭ فورمۇلاسى تېخىمۇ قىسقىراپ $Fp$ شەكلىگە كىرىدۇ. $Fp$ ھەم فورمۇلا، ھەم ئۈلچەم ھۆكۈملىرىنىڭ ھەرپلىك نامى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

3. ئىجازەت ئۈلچەم ھۆكۈملىرى - «روخسەت قىلماق»، «يول قويماق»، «بولىدۇ» قاتارلىق ئۈلچەم سۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلارنىڭ بايرام كۈنلىرى كىنو كۆرۈشىگە روخسەت قىلىنىدۇ.

كادىرلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە ۋە خاتالىقنى تۈزۈتۈشىگە يول قويۇلىدۇ.

بەزى ماللارنىڭ باھاسىنى مۇۋاپىق چۈشۈرۈشكە بولىدۇ.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى «روخسەت قىلماق»، «يول قويماق»، «بولىدۇ» سۆزلىرى ئىجازەت ئۈلچەم ھۆكۈملىرىنىڭ ئالامىتى ھېساپلىنىدۇ. بۇ سۆزلەر گەرچە ئىشلىتىلىش سالمىقى ۋە تۈسى جەھەتتە قىسمەن پەرقلەنسىمۇ، تەپەككۇر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەرىكەت ئۈلچىمىدە ئىجازەت كۆتۈلىدىغان چەكنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل سۆزلەرنى

ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەرنى ئىجازەت ئۆلچەم ھۆكۈملىرى دەپ ئاتايمىز.

ئىجازەت ئۆلچەم ھۆكۈملىرى خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈملەر ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: بىرىنچى مىسالنى ئالساق، بۇ ئۆلچەم ھۆكۈم «ئوقۇغۇچىلار (S) بايرام كۈنلىرى كىنو كۆرىدۇ (P)» (S — P) دېگەن بىر خاراكتېرلىگۈچى تەستىق ھۆكۈمگە «رۇخسەت قىلىنىماق» دېگەن بىر ئىجازەت ئۆلچەم سۆزى قوشۇلۇش بىلەن بارلىققا كەلگەن. بىز «رۇخسەت قىلماق» دېگەن سۆزنى «يول قويماق»، «بولىدۇ» دېگەن سۆزلەرگە ۋەكىل قىلىپ، ئىجازەت ئۆلچەم ھۆكۈملىرىگە ئورتاق ۋە ئومۇمى بولغان شەكىلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. بۇ ئورتاق ۋە ئومۇمى شەكىلنى تۆۋەندىكى فورمۇلا بىلەن ئىپادىلەيمىز: S — P بولۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئىجازەت ئۆلچەم ھۆكۈملىرىدە «رۇخسەت قىلماق» سۆزى ئومۇمى ۋە ئورتاق ئالامەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز «رۇخسەت قىلماق» سۆزىنى چوڭ P ھەرپى بىلەن بەلگىلەيمىز، شۇنىڭ بىلەن يۇقۇرقى فورمۇلا S — Pp شەكلىگە كىرىدۇ. بىز ھۆكۈملەنگۈچىنىڭ ئالامىتى S نى چىقىرىپ تاشلىساق، فورمۇلا تېخىمۇ قىسقىراپ Pp شەكلىگە كېلىدۇ. Pp ھەم فورمۇلا، ھەم ئىجازەت ھۆكۈملىرىنىڭ ھەرپلىك نامى بولىدۇ.

قوشما ئۆلچەم ھۆكۈملىرىگە كەلسەك، ئۇ، بىرلەشمە ئۆلچەم ھۆكۈملىرى، تاللانما ئۆلچەم ھۆكۈملىرى، شەرتلىك ئۆلچەم ھۆكۈملىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. بىرلەشمە ئۆلچەم ھۆكۈملىرى - ئۆلچەم ئۇقۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلەشمە ھۆكۈملەر. پارتىيىمىزنىڭ كادىرلىرى (S) (پارتىيە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشى (P) ۋە (∧) پارتىيە سىناقلىرىنى قوبۇل قىلىشى (q) شەرت (O) فومۇلاسى: $O(p \wedge q)$ ھەر قانداق كىشىنىڭ (S) (بىسىم ئىشلىتىشىگە (p) ۋە (∧) زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىشىغا (q)) يول قويۇلمايدۇ (F). فۇرمۇلاسى: $F(p \wedge q)$

(يۇقۇرقى مىساللاردىكى «∧» ئالامىتى «ۋە»، «بەلكى»، «ھەمدە» قاتارلىق بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.) 2 - تاللانما ئۆلچەم ھۆكۈملىرى - ئۆلچەم ئۇقۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاللانما ھۆكۈملەر مەسىلەن: ھەر قانداق بىر پارتىيە ئەزاسى (S) (پارتىيىنىڭ بىرەر ياچېيكىسىدا تەشكىلىي تۇرمۇش كەچۈرۈشى (P) ياكى (∨) مۇئەييەن بىر تەشكىلاتتا تەشكىلىي تۇرمۇش كەچۈرۈشى (q) شەرت (O) فورمۇلاسى: $O(p \vee q)$ پىكرىدە قىلىشقا (p) ياكى (∨) يۇقۇرىغا ئەرز بېرىشكە (q) بولىدۇ (p) فورمۇلاسى: $P(p \vee q)$

(يۇقۇرقى مىساللاردىكى «∨» ئالامىتى «ياكى» قاتارلىق تاللىغۇچى باغلىغۇچىلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ) .3. شەرتلىك ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ئۆلچەم ئۇقۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرتلىك ھۆكۈملەر. مەسىلەن: مەسىلە كۆرۈلسە (P)، ۋاقتىدا ھەل قىلىش (q) كېرەك (O) فورمۇلاسى: $O(p \longrightarrow q)$ مەھسۇلاتلار سۈپەت ئۆلچىمىگە چۈشمىسە (p)، سېتىشقا (q) يول قويۇلمايدۇ (F) فورمۇلاسى: $F(p \longrightarrow q)$

ئەگەر گۇناھكار ھۆكۈمگە قايىل بولمىسا (p)، يۇقۇرىغا ئەرز بىرىشكە (q) بولىدۇ

(p) فورمۇلاسى: $P(p \longrightarrow q)$

(يۇقۇرقى فورمۇلالاردىكى «⟵» ئالامىتى شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ بەلگىسى بولۇپ، شەرتلىك باغلىغۇچىلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ)

قوشما ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ئىچىدە مۇرەككەپ ھۆكۈملەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: تەشكىلنىڭ قارارىغا قايىل بولمىسا (p)، يۇقۇرىغا ئەرز بىرىشكە (q) بولىدۇ (p)، (مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىر تەرەپ قىلىشى (y) ياكى (V) باشقا ئورۇنغا يوللاپ بىرىشى (S) شەرت (O) باستۇرۇپ قويۇشقا (t) يول قويۇلمايدۇ (F). فورمۇلاسى: $P(p \longrightarrow q) \wedge O(yvs) \wedge Ft$

ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەتلەر:

ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل مۇناسىپلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. بۇ خىل مۇناسىۋەت ماتىرىيالى ئوخشاش بولغان ھۆكۈملەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭ قىممەتلىك مۇناسىۋەت بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئاددى ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

1. شەرت ئۆلچەم ھۆكۈم ($Op$) بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى مەنفى ئۇقۇم بولغان چەك ئۆلچەم ھۆكۈم ($F\bar{p}$) ئوتتۇرىسىدا تەڭ قىممەتلىك مۇناسىۋەت مەۋجۇت مەسىلەن:

A: ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ ھەركەتلەر سۈرۈشتۈرۈلۈشى شەرت — $Op$

B: ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ ھەركەتلەرنى سۈرۈشتۈرمەسلىك مەنئى قىلىنىدۇ. — $F\bar{p}$

($A$ ھۆكۈمدە ھۆكۈملىگۈچى بولغان «سۈرۈشتۈرۈلۈش» ئۇقۇمى تەستىق ئۇقۇم. $B$ ھۆكۈمدە بولسا، «سۈرۈشتۈرۈلمەسلىك» ئۇقۇمى ئىنكار ئۇقۇم، شۇڭا $Op$ دىكى $P$ تەستىق ئۇقۇمغا، $F_{\bar{P}}$ دىكى $\bar{P}$ ئۇقۇمى $P$ ئۇقۇمىنىڭ زىت ئۇقۇمى ياكى مەنفى ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. $P$ نىڭ ئۈستىدىكى «—» ئالامىتى «مەنفى» دەپ ئوقۇلىدۇ).

$A$ $B$ ھۆكۈملەر تەڭ قىممەتلىك ھۆكۈملەر بولۇپ، كونكرېت تىل شارائىتىدا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. يۇقۇرقى $A$، $B$ ھۆكۈملەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭ قىممەتلىك مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكى فورمۇلا بىلەن ئىپادىلەيمىز، $O_p \longleftrightarrow F_{\bar{P}}$

2. ھۆكۈملىگۈچى مەنفى ئۇقۇم بولغان شەرت ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ($O\bar{p}$) بىلەن چەك ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ تەڭ قىممەتلىك مۇناسىۋەت مەۋجۇت. مەسىلەن:

$A$. ھەر قانداق مىللەتنى ئىزىش ۋە كەمسىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. — $B + F_p$. ھەر قانداق مىللەتنى ئەزمەسلىك ۋە كەمسىتمەسلىك شەرت. — $O\bar{p}$ بۇ ئىككى ھۆكۈممۇ تەڭ قىممەتلىك بولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكى فورمۇلا بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ. $O_{\bar{P}} \longleftrightarrow F_P$

3. شەرت ئۆلچەم ھۆكۈم ($O_P$) بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى مەنفى بولغان ئىنكار ئىجازەت ھۆكۈملىرى ($P\bar{p}$) ئوتتۇرىسىدىمۇ تەڭ قىممەتلىك مۇناسىۋەت مەۋجۇت. مەسىلەن:

$A$ پەرزەنتلەر ئۆز ئاتا-ئانىلىرىنى بېقىشى شەرت — $BO_{\bar{P}}$ پەرزەنتلەر ئۆز ئاتا-

ئانىلارنى باقمىسا بولمايدۇ — $\bar{P}_{\bar{p}}$ فورمۇلاسى: $OP \longleftrightarrow P_{\bar{p}}$

4. ئىجازەت ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ($P_{p}$) بىلەن ئىنكار چەك ھۆكۈملىرى ($F_{p}$) ئوتتۇرىسىدىمۇ تەڭ قىممەتلىك مۇناسىۋەت مەۋجۇت. مەسىلەن:

A. بۇ دەرس ئاڭلىسا بولىدۇ — $P_{p}$

B. بۇنىڭ دەرس ئاڭلىشى چەكلەنمەيدۇ — $\bar{F}_{p}$. فورمۇلاسى: $P_{p} \longleftrightarrow \bar{F}_{p}$ قوشما ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت:

1. بىرلەشمە ئۆلچەم ھۆكۈم: $O(P \wedge q) \longleftrightarrow OP \wedge Oq$ مەسىلەن: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ھەركەتلەر مەنئى قىلىنىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ھەركەتلەر مەنئى قىلىنىدۇ ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ھەركەتلەر مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

2. تاللانما ئۆلچەم ھۆكۈملىرى: $F(P \vee q \longleftrightarrow Fp \vee Fq$ بۇ تاللانما ھۆكۈمنىڭ تارماقلىرىنى پارچىلاپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك. مەسىلەن: «پۇقرالارنى قانۇنسىز قاماپ قويۇش ياكى ئۇلارنىڭ جىسمانى ئەركىنلىكىنى چەكلەش مەنئى قىلىنىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى «پۇقرالارنى قانۇنسىز قاماپ قويۇش مەنئى قىلىنىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ جىسمانى ئەركىنلىكىنى چەكلەش مەنئى قىلىنىدۇ» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

3. شەرتلىك ئۆلچەم ھۆكۈملىرى: $P(p \longrightarrow q) \longleftrightarrow OP \wedge O_{\bar{q}}$ بۇ شەرتلىك چەك ئۆلچەم ھۆكۈملىرىنى بىرلەشمە شەرت ھۆكۈملىرى بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ دېگەنلىك. مەسىلەن:

A. ئەگەر مەلۇم بىر شەخس ئۆزىنى قوغداش تۈپەيلى باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەن بولسا، قانۇنىي جازاغا تارتىشقا بولمايدۇ. $P(p \longmapsto q)$

B. مەلۇم بىر شەخس ئۆزىنى قوغداش سەۋەبلىك باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەن بولۇشى كېرەك، بۇ ھالدا، قانۇنىي جازاغا تارتىلماسلىقى كېرەك. $O_{p} \wedge O_{\bar{p}}$

ئۆلچەم خۇلاسىلىرى، ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ۋە خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈملەردىن تۈزۈلىدۇ. ئۆلچەم خۇلاسىلىرى ئەمەلىي تەپەككۇر پائالىيىتى جەريانىدا كۆپ ئۇچرىمەككەپ بولىدۇ. بىز بۇ يەردە ھازىرچە توختالمايمىز.

ئۆلچەم لوگىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى: تەپەككۇر شەكىللىرىنى يۇقۇرقىدەك فورمۇلالاشتۇرۇش ياكى شەرتلىك بەلگىلەر تىلى ئارقىلىق تەپەككۇر شەكىللىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ھازىرقى زامان فورمال لوگىكىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى.

ئۆلچەم ھۆكۈملىرى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالاتلىرى توغرىسىدىكى بايانمۇ ئەمەس، شۇنداقلا ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ بەلگىلىرى ھەققىدىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشمۇ ئەمەس، بەلكى قانۇن، ئەخلاق، جامائەت پائالىيىتى ھەققىدىكى ئۆلچەملەر بايانىدىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۆلچەم لوگىكىسى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى ئىگەللەش يالغۇز ئابستىراك-

كىت تەپەككۇر جەريانىدىكى ئۆلچەم چۈشەنچىلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسىلا بولۇپ قالماي، ئەڭ مۇھىمى قانۇن، ئەخلاق ۋە جامائەت پائالىيەتلىرى ساھەسىدە ئۇنى ئىشلىتى-شكە ماھىر بولۇش مەسىلىسى، ھازىرقىدەك يېڭى - يېڭى قانۇن - تۈزۈملەر ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان، قانۇن - تۈزۈملەر بارغانسېرى مۇكەممەللىشىۋاتقان مەزگىلدە ئۆلچەم لوگىكىسىنى ئاڭلىق ئىشلىتىش بەكمۇ زۆرۈر.

# ئالائىددىن ئەتامەلىك جۇۋەينى ۋە «تارىخ جاھانكۇشاي»

ئابلىمىت روزى

ئەرەپ، پارس مەنبەلىرى ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيىسى، ئىقتىسادى، ئەدەبىيات-سەنئىتى ۋە ئەخلاقى كۆز قاراشلىرى ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي ياكى ئېنىغىراق مەلۇمات بېرىدىغان بىر مۇنچە ئاتاقلىق ئەدىب، تارىخچى ۋە مىللەتشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ دۇنياغا تونۇلغان بىر قاتار ئەسەرلىرى بار. ئۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمقى يازما مەنبەلىرىدە خاتىرلەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، ئىلمى قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرىراق بولغان تەتقىقات نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە ئالائىددىن ئەتامەلىك جۇۋەينى (1226 - 1283 - يىللار) يازغان «تارىخ جاھانكۇشاي» (جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى)، رەشىدىددىن پەزلۇللا (1247 - 1318) يازغان «جامىئۇت - تەۋارىخ» (تارىخ توپلىمى)، نەسىرىددىن تۇسى (1201 - 1274 - يىللار) يازغان «زىيجى ئىلخانى» (خانلار شەجەرىسى) قاتارلىق ئەسەرلەر شۇنداق ئەسەرلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئۆز ۋاقتىدا يۈز بەرگەن تارىخى ۋەقەلەرگە بىۋاستە قاتناشقان، بولۇپمۇ جۇۋەينى، رەشىدىددىن، نەسىرىددىن تۇسى قاتارلىق كىشىلەر موڭغۇل ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ (ئىلخانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوردا بېگى، ساھىب دىۋان، ۋەزىر - ۋالى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولۇپ)، بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن. شۇڭا ئاكادېمىك ۋ.ۋ. بارتولد «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە رەشىدىددىن ۋە جۇۋەينى ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ ۋە بۇ ئىككى تارىخچى ھەققىدە: «رەشىدىددىن ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە ئاسىيا ۋە ياۋروپادا يالغۇز بىرغىنە كىشى يېزىپ تاماملىيالمايدىغان غايەت زور تارىخى قامۇس» دېسە، ئەنگلىيە مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى شەرقشۇناس A. L. بوئىل: «رەشىدىددىن ئۆز ئەسەرلىرىدە، ئالائىددىن ئەتامەلىك جۇۋەينى تېخى كۆرۈپ ئۈلگۈرەلمىگەن ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن»① - دەيدۇ، بۇلاردىن باشقا يەنە مىرخواندىنىڭ «رەۋزەتۇسسافا»، شاھابىددىن مارجانى② نىڭ «مۇستەپا دىلئەخبار» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ

---

① «تارىخ جاھانكۇشاي» ئەنگلىزچە تەرجىمىسىگە سۆز بېشى - خەنزۇچە 1 - جىلد 27 - بەت.

② مارجانى (1818 - 1889) تاتار ئالىمى بولۇپ، تاتار ئەرەپ پارس تىللىرىدا 26 پارچە ئەسەر يازغان.

ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن بۇ كېيىنكى تارىخچىلار ئىككىنچى قول ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان، چىڭگىزخان شەرقتە ئۇرخۇن، يەنسەي، تۇغلا دەريالىرى ئەتراپىدىكى موڭغۇل دالىسىدىن 1185 - يىللىرى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، پۈتۈن جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، خوراسان ئىران، ئىراق، روسىيە ھەتتا شەرقىي ياۋروپانىڭ بىر قىسىم جايلىرىغىچە كېڭىيىپ، مىسلىسىز كەڭ تېررىتورىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى، تارىختا كۆرۈلگەن مۇنداق زور بىر ھادىسە ئۆز ۋاقتىدا ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى، بولۇپمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئەللەرنىڭ نۇرغۇن تارىخچى، ھادىسىلەرنى كۆزەتكۈچى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ جىددى دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىغان ئىدى. ئەپسۇسكى - ئوتتۇرا ئەسىر قاراڭغۇ تۈنىدە ئۇزاق ئەسىر، مۇرەككەپ دەۋر - لەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا خاتىرلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى دىگىدەك دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن ياكى ئىككىنچى قول ماتېرىيال تەرىقىسىدە يېتىپ كەلگەن، ئەمما جۇۋەينى ۋە رەشىدىددىن ئەسەرلىرى مەيلى مۇبالىغە ياكى توغرىسى بولسۇن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئەينى ۋاقىتنىڭ شاھىدلىرى ۋە شۇ دەۋرنىڭ شەرق بىلەن غەرپ تارىخىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرغان قىممەتلىك يادىگارلىقلىرى ھىساپلىنىدۇ.

X X X

ئالائىددىن ئەتامەلىك بىننى باھائىددىن مەھەممەت بىننى مۇھەممەدىلجۇۋەينى مىلادى 1226 - يىلى (ھىجرى 623 - يىلى) ئىران (خۇراسان) نىڭ جۇۋەينى دىگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئاببىياسلار، سەلجۇقلار، خارەزىمشاھلار سۇلالىلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا ۋەزىر، ساھىپ دىۋان (مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ۋەزىر)، ۋالى قاتارلىق يۇقۇرى مەنسەپلەردە بولغانلىغى ئۈچۈن بۇ ئائىلە ئىراندا «ساھىپ دىۋان» نامى بىلەن ئاتالغان. شۇنداقلا ئىسلام ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەشھۇر سىياسەتچىسى، بىلىم ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئوقۇمۇشلۇق ئائىلە، دەپ تونۇلغان.

جۇۋەينىنىڭ ئاتىسى باھائىددىن مەھەممەت جۇۋەينى ئەسلىدە نىشاپۇر قەندىھار قاتارلىق جايلاردىكى سەلجۇقىلار ھۆكۈمدارلىرىدىن بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ خوراسانغا يۈرۈش قىلغان بىرىنچى قوماندانى چىن تۆمۈر ① 1232 - 1233 - يىللىرى زور قوشۇن بىلەن خوراسەننى ئىشغال قىلغاندا، ئۇنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىپ ساھىپ دىۋان مەنسىۋىدە بولغان. 1335 - 1236 - يىللىرى چىن تۆمۈر ئۆلۈپ خورجىس ② باش قوماندان بولغاندا

① چىن تۆمۈر - قاراكىدان (قىتان) مىللىتىدىن بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ غەرپكە يۈرۈشىدە خىزمەت كۆرسىتىپ ئاددى چېرىك (ئەسكەر) لىكتىن يۇقۇرى ئۆرلەپ قوماندان دەرىجىسىگە يەتكەن. (تارىخ جاھانكۇشاي 2 - جىلد 585 - بەت)

② خورجىس - چىڭگىز قوشۇنلىرىغا قاتناشقان ئىدىقۇت ئۇيغۇر بەگلىرىدىن بولۇپ خوراساندا ئومۇمى قوماندان بولغان (يۇقۇرىقى كىتاپ 590 - بەت)

ئۇنىڭ ئىدارىسى ئاستىدىكى نىشابۇر، قەندىھار، مەسوفوتامىيە رايونلىرىدا «نايىبى ھۆكۈمدار» (مۇئاۋىن ھۆكۈمدار)، ساھىپ دىۋان قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان.

خورجىس موڭغۇللارنىڭ پايتەختى قارا قورۇمدىكى چىڭگىزخاننىڭ بىرىنچى ئىز باسارى ئۆگدەيخانغا خوراسان ئىشلىرى ھەققىدە دوكلات قىلىش يۈزىسىدىن ئىككى قېتىم سەپەر قىلىپ، ھەر قېتىم قايتىشىدا، ساھىپ دىۋان باھائىددىن خوراساندىن - ئۇيغۇرلار يۇرتى ئالمىلىققىچە زور داغدۇغا بىلەن كېلىپ ئۇنى ئىنتايىن قىزغىن تەنتەنىلىك قارشى ئالغان ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان. خورجىس 1241 - يىلى 3 - قېتىم قارا قورۇمغا مېڭىش سەپىرىدە ئالمىلىقتىكى چاغتاي ئەۋلاتلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ھامىسىدىن ئايرىلغان باھائىددىن مەھەممەت جوۋەينى خوراسانغا قايتىپ كېتىپ، 1246 - يىلى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن موڭغۇل قوماندانى ئارغۇنخاننىڭ خىزمىتىگە كىرگەن. ئەرمىنىيە ۋە ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردىكى يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ تىبلىس شەھىرىدە ساھىپ دىۋان ئەمەللىرىدە بولغان، تاكى 1262 - يىللارغىچە شۇ خىزمەت بىلەن ئۆتكەن. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئالائىددىن بىننى ئەتامەلىك جوۋەينى 1246 - يىللىرىدا 20 ياشلاردا بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەكتەپلىرىدە بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغانلىقتىن قوماندان ئارغۇننىڭ كاتىپى بولغان. (ئاتا بالا ئىككىسى بىر ئورۇندا خىزمەت قىلغان). ئارغۇن 1246 - يىلىدىن 1250 - يىللارغىچە بىر نەچچە قېتىم قارا قورۇمغا مېڭىش سەپىرىدە ساھىب دىۋان باھائىددىن جوۋەينىنى ئەمەس، بەلكى ئوغلى ئالائىددىن ئەتامەلىك جوۋەينىنى ئۇيغۇرلار يۇرتى ئالمىلىق① ۋە قەدىمقى پايتەختى «بەشبالىغ» (شىنجاڭ گۇچۇڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا يېقىن بىر جاي) ② قاتارلىق جايلارغىچە ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن. قېلىن قار ۋە باشقا سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن قارا قورۇمغا بارالماي خوراسانغا قايتىپ كەتكەن.

ئارغۇن 1252 - يىلى 2 - ئايدا چوڭ خان سايلىمى ئۈچۈن چاقىرىلغان قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن قارا قورۇمغا بېرىپ ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن 1253 - يىل 9 - ئايغىچە تۇرۇپ قالغان. موڭغۇللارنىڭ پايتەختى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ كونا ۋەتەنلىرىدە ئۆتكەن مۇشۇ بىر يېرىم يىللىق پۇرسەت جوۋەينىنىڭ غايەت زور ۋە ئىنچىكە مەسىلىلەرنى چۈشىنىشىگە سەۋەپ بولغان. بەزى دوستلىرى موڭغۇللارنىڭ جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ تارىخى ھەققىدە بىر كىتاپ يېزىشنى تەشەببۇس قىلغان. «تارىخ جاھانكۇشاي» ناملىق كىتاپنىڭ دەسلەپكى ئارگىنالى مانا شۇ جايدا يېزىلىشقا باشلانغان، جوۋەينى خوراسانغا قايتقاندىن كېيىن 1256 - يىلى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى (تولى خاننىڭ ئوغلى) ھولاگۇنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ، ئىراننىڭ مەشھۇر ئالامۇت قەلئەسىنى شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق ئىستىلا قىلىپ، ئىسمائىل سافى شاھلىرىنى مەغلۇپ قىلىش

① ئالمىلىق - ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا.

② A·L . بۇئىلىنىڭ ئىزاھى تۈرك تارىخى، 2 - كىتاپ 300 - بەت

يۇرۇشلىرىغا قاتناشقان، لېكىن بەزى تارىخلاردا ئېيتىلىشىچە، جۇۋەينى بۇ ئۇرۇشتا ئىسمائىلىيە شاھلىرىنىڭ تارىخىغا ۋە ئۇلارنىڭ يادىكارلىقلىرىغا دائىر كىتاپلار (تەخمىنەن تۆت يۈز مىڭ پارچە)، ئاسارى ئەتىقە، ئاسترونومىيە رەسەتخانىلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن ساقلاپ قالدى - دېيىلگەن.① 1257 - يىلى ھۇلاگۇخاننىڭ باغداتقا بېسىپ كىرىپ ئابباسىلار خەلىپىلىرىنى ئاغدۇرۇش يۇرۇشلىرىدىمۇ بىللە بولغان. بۇ يۇرۇشتىن كېيىن، ئىراقى - ئەرەپ، خۇزىستان ۋىلايەتلىرىگە ئومۇمى ۋالى بولغان. خىزمەت داۋامىدا مۇڭغۇل - لارنىڭ ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن زور زىيان - زەخمەتلەرنى تۈزۈتۈش، خاراپ بولغان تۈرلۈك سۇ ئىنشائاتلىرى ۋە شەھەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاھالىنىڭ تىنىچ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلاش جەھەتلەردە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. ھەتتا پرات دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى ئەنبار دىگەن جايدىن تاكى كۇپە، نەجىپ قاتارلىق جايلارغىچە سوزۇلغان ئۇزۇن بىر قانال قازدۇرۇپ، 150 گە يېقىن ئاھالە ياشايدىغان يېزا بەرپا قىلغان.

جۇۋەينى 20 نەچچە يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتى جەريانىدا بىر نەچچە ئۆۋەت زور سۇيىقەستكە ۋە ئۆكتىچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بەزىلىرىنى رەت قىلىپ، بەزىلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن، ئاخىرى، ئۆكتىچىلەرنىڭ خىيانەت قىلدى - دىگەن داۋالىرى ئۈستىنلىك قازىنىپ، ئىگىدارچىلىقىدىكى پۇل، مال - مۈلۈكلەر تامامەن مۇسادىرە قىلىنغان، بىر مەزگىل باغداتتا ئېلىپ بېرىلغان نەزەر بەنت ۋە قامالدىن كېيىن لەھەن قەلئەسىگە سۈرگۈن قىلىنغان. ھۇلاگۇنىڭ تەخت ۋارىسى ئاباغاخان (ھاكىمىيەت تۇتقان ۋاقتى 1265 - 1283 - ) نىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىلخانىلار ئىمپىرىيىسىنىڭ تەخت ۋارىسلىرى پرات دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئالاتاغ يايلىقىدا قۇرۇلتاي چاقىرغاندا، جۇۋەينىمۇ چاقىرتىپ كېلىپ قۇرۇلتايغا قاتناشتۇرغان. بۇ قۇرۇلتايدا ئاباغانىڭ ئىنىسى ئارغۇن تەختكە چىقىپ (ھاكىمىيەت تۇتقان ۋاقتى 1283 - 1295 - يىللار) جۇۋەينىنىڭ بۇرۇنقى ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بەرگەن. كېيىن ئارغۇنغا قارشى تەخت داۋاسىنىڭ كۆتىرىلىشى، ئىلخانىلارنىڭ يەنە بىر مىراسخورى ئەھمەت نىكودارنىڭ تەختكە چىقىشقا ھەركەت قىلىشى (بۇ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن)، ئىنىسى شەمشىدىن ئەھمەتنىڭ ② ئىلخانىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ پايتەختى تەبرىزدىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتەك ئۆزى ئۈچۈن قايغۇلۇق خەۋەرلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولۇشى نەتىجىسىدە، ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ 1283 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋاپات بولغان.

---

② «تۇرل تارىخى» 2 - كىتاپ 300 - بەت.

① جۇۋەينىنىڭ ئىنىسى شەمشىدىن خېلى يىللاردىن بېرى ئىلخانىلار ئوردىسىدا يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولغان.

جۇۋەينىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى «تارىخى جاھانكۇشاي» بولۇپ، 1253 - يىلى يېزىشقا باشلاپ 1258 - 1259 - يىللار ئارلىقىدا تاماملانغان. كىتاب 3 قىسىم، 94 ماۋزۇغا بۆلۈنگەن.

بىرىنچى قىسمى - ھەمدۇ - سانا ۋە مۇقەددىمىدىن كېيىن 46 ماۋزۇ، ئاساسى مەزمۇنى: موڭغۇللارنىڭ كېلىپ چىقىشى، چىڭگىز خانىنىڭ موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، شەرق ۋە غەرپكە قىلغان يۈرۈشلىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى، ئۈچ چوڭ خان: چىڭگىزخان، ئۆگدەي خان، كۆيۈك خانلارنىڭ تارىخى، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىدىقۇت خانلىقى، كىدانلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار...

ئىككىنچى قىسىم - 32 ماۋزۇ بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران - خوراسان تارىخىغا ئائىت ۋەقەلەر، خارەزمشاھلارنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى، قارا كىدانلارنىڭ يوقۇتۇلىشى، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىدىن چىن تۆمۈر، خورجىس، شەرىپىددىن قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالى.

ئۈچىنچى قىسىم - ھەمدۇ - سانادىن كېيىن 16 ماۋزۇ؛ بۇ قىسىم ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، كۆپ قىسمى مەڭگۇ تۆمۈرنىڭ دەۋرىگە ئائىت 1257 - يىلغىچە بولغان ۋەقەلەردىن ئىبارەت. جۇڭگو - چەتئەل ئالىملىرىنىڭ پىكرىچە، بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى ئارگىنالى جۇۋەينىنىڭ ئارغۇن بىلەن قارا قۇرۇمغا بېرىپ بىر يېرىم يىل تۇرغان مەزگىلىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئارلاشقان ۋەقەلەر، موڭغۇللارنىڭ ئېغىز رىۋايەتچىلىرىنىڭ نەسەپ شەجەرىلىرى، «موڭغۇللارنىڭ مەخپى تارىخى» قاتارلىق مۇھىم مەنبەلەردىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ماتېرىياللىرى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» جۇڭگودا خەنزۇ يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن. رەشىدىددىن ۋە جۇۋەينىنىڭ تارىخلىرى پارس تىلى ۋە ئەرەپ يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن. ئۇ، يەر - جاي، ئادەم ئىسىملىرى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەر ۋە ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، تارىخى، ئېتنىك ۋەقەلىرىنى سېلىشتۇرۇپ يورۇتۇشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇۋەينى تارىخىدا «كۆك تۈرك» تارىخى ۋە «ئۇيغۇر خاقانلىقى»غا ئائىت مەلۇماتلارمۇ بايان قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يارىلىش ئەپسانىسى، ھەمدە «كۆچ - كۆچ ئەپسانىسى» ھەققىدىمۇ ئالاھىدە توختۇلىدۇ.

جۇۋەينى تارىخىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ تىل قۇرۇلىشى ئىخچام بەدىئىيلىكى يۇقۇرى، تەسۋىرى كۈچى ئۆتكۈر. ئۇنىڭدا پارس تىلىدىكى نەسرى ئەسەرلەردە كۆرۈلمىگەن سەنئەت ماھارىتى بولغانلىقتىن، ئۆز دەۋرىدىلا پارس ئەدىبىياتى نەسرى ۋانىرىنىڭ ئۇستازى دەپ تونۇلغان. ئەسەر ئوتتۇرا ئەسىر ئەنئەنىسىگە ئاساسەن ھەربىر باپ، ھەربىر ماۋزۇلار ئارلىقىدا ھېكمەتلىك سۆز، ماقال - تەمسىل، شېئىر ھەمدە قەسىدە پارچىلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق سۆزلىنىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ چۈشەنچىسىنى كۈچەيتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خوراسان، ئۇيغۇر ئەللىرىدە ئۇزۇندىن تارقىلىپ

كەلگەن ئېتنىك مەلۇماتلارنىمۇ نەقىل قىلغان.

× × ×

جۇۋەينىنىڭ «تارىخ جاھانكۇشاي» ناملىق بۇ ئەسىرى ئۇزۇندىن بۇيان قولىيازما ھالىتىدە بولۇپ مىرزا مۇھەممەت بىننى ئابدۇلۋاھاپ قەزۋىنى تەرىپىدىن 1912-يىل-1916-1937-يىللىرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ پارس تىلىدا 3 جىلد ئىلىق قىلىپ نەشىر قىلدۇرۇلغان. بۇ نەشىردە يەنە نەسىرىددىن تۇسىنىڭ 1257-يىللاردىكى «زىيجى ئىلبانى» ئەسىرىمۇ قوشۇمچە قىلىنغان. 20 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن تاكى 1958-يىلى ئەنگلىيە مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسورى A·L· بوئىل ئەنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ. بىر يۈرۈش ئىزاھاتلار، تەرجىمىدە پايدىلىنىلغان 185 تىن ئارتۇق ھەر خىل تىللاردىكى كىتاپلار كاتالوگىنى قوشۇپ نەشىر قىلدۇرغان. شۇندىن كېيىن بۇ كىتاپ نېمىس، فىرانسوز، رۇس، تۈرك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. بوئىلنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ماقالىسى خېلى مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

جۇۋەينىنىڭ «تارىخ جاھانكوشاي» ناملىق ئەسىرى مەملىكىتىمىزدە 1960-يىللاردىن كېيىن چەت ئەل تىللىرى ئارقىلىق مەلۇم بولۇشقا باشلىدى. 1983-يىلىغا كەلگەندە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەرىپىدىن ئىككى توملۇق قىلىپ نەشىر قىلىندى.

جۇۋەينى تارىخىنىڭ كۆز قاراشلىرىدا فېئوداللىق دەۋرىنىڭ بىر قاتار خۇسۇسىيەتلىرى ئەكس ئەتكەن. ئۇ، كىتاپ مۇقەددىمىسىدە: «مەن ھاياتىمدا تەقدىرنىڭ شەپقەت ۋە ئىلتىپاتى بىلەن پۈتۈن ئالەمنىڭ چىرىغى، زامانىمىزنىڭ يولباشچىسى، تىنچلىق-بەخت سائادەتنىڭ بۇلىقى، خاقانلارنىڭ خاقانى، مەڭگۈ خاننىڭ ئوردىسىغا كىرىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ خاقاننىڭ تۇغى بارلىق دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىپ بولسۇن، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرى ئۇنىڭ شەپقىتى ۋە ھامىيلىقىغا ئىگە بولسۇن. دەپ چىڭگىزخاننى مۇبالىغە بىلەن كۆككە كۆتەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن چىڭگىز قوشۇنلىرى خوراسانغا بېرىشتىن بۇرۇنقى جەمئىيەت ئەھۋالىدىن كاززاپلىق، ئالدامچىلىق، ئوچىغا چىققان باندىتلىق، قاراقچىلىق ئەۋج ئالغان، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئىلىم-مەرىپەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى قىلىۋالغان، جىنايى قىلمىشى چىكىدىن ئاشقانلار ئەمىر، بەگ بولىۋالغان ... ۋەزىيەت مەۋجۇت ئىدى ....» دەپ يازىدۇ. بۇ ھال، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ۋە كۆز قاراشلىرىغا قارىتا تارىخى ماتېرىياللىزىملىق نۇقتىئىنەزىرى بويىنچە مۇئامىلە قىلىشىمىزنى ھەمدە تەنقىدى تۈردە پايدىلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

# قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى يارالمىش قىسسىسى رەسىملىرى توغرىسىدا

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

ھازىرقى قىزىل مىڭ ئۆيىدە ساقلىنىۋاتقان تام رەسىملىرىنىڭ كۆلىمى ئون مىڭ كىۋادىرات مېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، ھېكايىلىق تەسۋىرى رەسىملەر 70 خىلدىن ئاشىدۇ. دۇڭخۇاڭ، لوڭمېن ۋە يۈنگاڭ مىڭ ئۆيلىرىدە بۇ مەزمۇندىكى تەسۋىرى رەسىملەر بولسا ئاران 30 خىلغا يېتىدۇ. قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى بۇ تەسۋىرى رەسىملەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى جۈملىدىن دىنىي مەزمۇندىكى «يارالمىش قىسسىسى»، «نىرۋانا قىسسىسى» رەسىملىرىگە ئوخشاش ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۆۋەندە بىز «يارالمىش قىسسىسى» رەسىملىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز:

«يارالمىش قىسسىلىرى» دېگەن سۆز سانسكرىت تىلى (ئەنەتكەك يېزىقىدىكى) jataka دېگەن سۆز بىلەن مەنداش بولۇپ، «جاتاكا» ئاتالغۇسى ئەمەلىي ئىستېمال مەنىسىدە «ئۆز ھاياتى ھەققىدە قىسسە» ياكى «ھېكايە» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. كەڭرەك مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەم ياكى ھايۋاناتلارنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ھېكايە ياكى قىسسە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«يارالمىش قىسسە» لىرى بۇددىزم ئەدەبىياتىدىكى بىر مەزمۇن بولۇپ، ئۇ، ساكيامۇنى ۋە ئۇنىڭ مۇرىدلىرى بۇددىساتۋا* بولۇش ئۈچۈن قىلغان ئىستىقامەت پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن تاللىۋېلىنغان پارچىلاردىن ئىبارەت. «يارالمىش قىسسىسى» رەسىملىرى مۇشۇ قىسسىلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن خىيالى تەسەۋۋۇر بىلەن سىزىلغان رەسىملەرنى كۆرسىتىدۇ. يارالمىش قىسسىسى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2500 يىللار ئىلگىرى غەربىي شىمالىي ھىندىستان ۋە كەشمىردە بارلىققا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى ھىندىستان جەمئىيىتىدە داستان، قوشاق، رىۋايەت ۋە ھەر خىل قىسسىلەر خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان

* بۇددىساتۋا — بۇددا راھىپلىرىنىڭ پىرى.

بولۇپ، ئۇمۇ خۇددى بىراخمان دىنىنىڭ 4 قىسىملىق مۇقەددەس كىتاۋى ۋېدا① غا ئوخشاش، ئادەمنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى «ئىپادە» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىن يارىلىدۇ، قىلمىش - ئەتمىشنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قاراپ بېھىشتىكى ئورنى بەلگىلىنىدۇ...... دېگەندەك دىنى مىستىك كۆز قاراشلارنى تەكىتلەيتتى. بۇددا دىنى بىراخمان دىنىنىڭ «ئىپادە» ۋە «قايتىدىن يارىلىش» دېگەن كۆز قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، قېرىشى، كېسەل بولۇش - ئۆلۈشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى جاپا چېكىش دېمەكتۇر، جاپانىڭ يىلتىزى نەپسى - ھەۋەستۇر. نەپسى - ھەۋەس ئىپادىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، قايتىدىن تۆرىلىشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. بارلىق نەپسى - ھەۋەسنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن «راھەت - پاراغەت دۇنياسى»غا، يەنى تۇغۇلمايدىغان، ئۆلمەيدىغان دۇنياغا يەتكىلى بولىدۇ. دۇئا - ئىبادەت — «راھەت - پاراغەت دۇنياسى»غا يېتىشنىڭ بىردىن - بىر يولى دەپ ھىساپلىغان. دۇئا - ئىبادەت قىلىشتا بەش پەرز، يەنى جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، يالغان گەپ قىلماسلىق ۋە مەي - شاراپ ئىچمەسلىك ئاساس قىلىنغان. بولۇپمۇ چوڭ يوللۇقلار بۇددا دىنى مەزھىپى② شەكىللەنگەندىن كېيىن، مىلادى 2 - ئەسىردە ئۆتكەن كانىشكا كەشمىردە بۇددا دىنى كىلاسسىك كىتاپلىرىنى 4 قېتىم توپلاپ، بۇددا نومى ۋە دىنى قائىدىلەرنى يېڭىۋاشتىن بېكىتكەن. شۇندىن باشلاپ يارالمىش قىسسىلىرى تولۇقلىنىپ، مەشھۇر بۇددا نومىغا ئايلانغان.

«يارالمىش قىسسىسى» دە ئەكس ئېتتىدىغان مەزمۇنلار ئاساسەن كىچىك يوللۇقلار مەزھىپىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، «ئۇ دۇنياغا بارماق» (Piramita) نى ئاساسى گەۋدە قىلغان. «ئۇ دۇنياغا بېرىشتىكى قىسسەلەر توپلىمى» ۋە ئۇنىڭدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئاساسى ۋەقەلىكلەر ساكيامۇنى ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ بۇغا، ئاق قۇيرۇقلۇق بۆكە، قوڭغۇر ئېيىق، كەپتەر، توشقان بولغانلىقى، كېيىن ئەجدەرھا ۋە ئالتۇن قاناتلىق قۇشلارنىڭ مۇقەددەس پادىشاسى بولغانلىقى، يەنە ئالتۇن يۇڭلۇق ھايۋان بولغانلىقى، جۈملىدىن بىر ئۆمۈر باشقىلارنى خېيىم - خەتەر ۋە رىيازەتلەردىن خالى قىلالىغانلىقىدەك ساۋاپلىق قىلىشنىڭ بۇددىساتۋا يوللىرى ئۇزۇن قىسسىلەر بىلەن بايان قىلىنغان. بۇلار سان جەھەتتە مىڭ خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، قەدىمقى زامان ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ۋە كېيىنچە كىچىك يوللۇقلار بۇددا مەزھىپىدىكى رەسساملار تەرىپىدىن ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ، ھەر قايسى جايلاردىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا - مىڭ ئۆيلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ھال سىزما رەسىمچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى بىۋاستە ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى، جۈملىدىن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە مىڭ ئۆيلەردە ئىنتايىن زور تۈركۈمدىكى يارالمىش قىسسىسى رەسىملىرى ۋە ھەيكەللىرى بارلىققا كەلگەن. ئۇ بۇددا دىنىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان ئىدىئولوگىيىسى، يارالمىش قىسسىسى رەسىملىرى سېھرىگەرلىك كۈچ-

كە ئىگە بولغانلىغى ئۈچۈن تەشۋىق قىلماقچى بولغان بۇددا نوملىرىدىكى ۋەز - نەسىھەتلەر ھېكايەت شەكلىدە سىزىلىپ، بىر خىل بۇددا سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ مىلادى 2- ئەسىردىن كېيىنكى دۇنياۋى خاراكتېرلىك بۇددا سىزما رەسسامچىلىگى، خۇسۇسەن يارالمىش قىسسىسى رەسسامچىلىگى جەنۇبى شىنجاڭدا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەن. شۇڭا بۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيامۇ كۆز تىككەن.....

ھازىر دۇنيادا مەشھۇر ھېساپلىنىپ ساقلىنىۋاتقان يارالمىش قىسسىلىرى يادىكارلىقلىرىدىن (ئاساسلىغى رەسىم ۋە ھەيكەللەردىن ئاساسلىغى جەنۇبى ھىندىستاندىكى ساڭچى بۇت مۇنارى③، بارخۇت بۇت مۇنارى④، ھىندىستاننىڭ ۋىندىيا تېغىدىكى ئاجانتا مىڭ ئۆيى⑤ ۋە رايونىمىز شىنجاڭدىكى قىزىل مىڭ ئۆيىدىن ئىبارەت.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇددىزىم دۇنياۋى ھادىسە ئۇ ئۆز ماكانىدا بىر قېتىمدىلا مۇكەممەل شەكىلدە يارالغان ۋە تارالغان ئەمەس. قېدىمقى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان ۋە ئۇنى ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ ئەڭ ئالى سىمۋولى دەپ تونىغان چاغلىرىدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل - يۈكسەك فانتازىيىسىگە ئىگە رىۋايەت ۋە قىسسىلىرى، سىزما رەسىم ۋە ھەيكەلتاراشلىقنى ئارقىلىق دۇنياۋى خاراكتېرنى ئالغان بۇ بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە نۇرغۇن بەدىئى تۆھپىلەر قوشقان. قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى يارالمىش قىسسىلىرى رەسىملىرى ئەنە شۇلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زاماندىكى بەدىئى تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتىكى ۋاستىلىرى بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى، ئارزۇ - ئىستەك، ھېس - تۇيغۇلىرىنى، يارىلىش ھەققىدىكى فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىپادىلەپ، ئەۋلاتتىن - ئەۋلات قالدۇرۇپ كەلگەن. بۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىمىزغا، يازما ئەدەبىياتىمىزغا ۋە مەشھۇر ئەدىپلىرىمىزنىڭ ئىجادى پائالىيەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەيمۇ قالمىدى. يارالمىش قىسسىسىگە ئائىت رەسىملەر قىزىل مىڭ ئۆيىنىڭ 13-، 14-، 17-، 38-، 80-، 206-، نۇمۇرلۇق ئۆيلىرىدىلا بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. بۇلار ئاساسەن ھايۋاناتلار ھەققىدىكى ئەخلاقىي - پەزىلەت ۋە فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇر بىلەن سىزىلغان. تۆۋەندە بىز بۇ قىسسىلەرنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئازىراق تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

## قىرغاۋۇلنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشى ⑥

قېدىمقى زامانلاردا، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى گۈزەل بىر ئورمانلىقتا بىر قىرغاۋۇل ياشايدىكەن. ئۇ، شۇ جايدىكى كىشىلەر بىلەن ئىنتايىن ئىناق ئۆتىدىكەن. بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا دالا يانغىنى پەيدا بولۇپ، ئورمانلىق كۆيۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىرغاۋۇل ھاياتىنىڭ خېيىم خەتىرىگە قارىماي، ئوتنى ئۆچۈرۈپ، ئورمانلىقنى قوغداپ قېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال دەرياغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلۈپتۇ - دە قا-

نات - قويرۇقلىرىنى ھۆل قىلىپ كېلىپ، ئوتنى ئۆچۈرۈشكە باشلاپتۇ. لېكىن، ئۇ ھالىدىن كەتكىچە جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئوتنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنىمۇ ئۆچۈرەلمەپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشا، بۇ يەرگە كېلىپ قىرغاۋۇلدىن نېمە ئۈچۈن ھاياتىنىڭ خەۋپىگە قارىماي ئوت ئۆچۈرىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. قىرغاۋۇل بۇ جايدىكى ئادەملەر ۋە قۇشلار ئۈچۈن ئۆز جېنىنى تەقدىم قىلغانلىقىنى سۆزلەپتۇ. تەسىرلەنگەن پادىشا جامائەتكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئوتنى ئۆچۈرتۈپتۇ. شۇندىن كېيىن قۇشلار بىلەن ئادەملەر تېخىمۇ ئىناق بولۇپ، بۇ ئورمانلىقنى گۈللەندۈرۈپتۇ......

بۇ قىسسە رەسمى رۇمبا شەكلىدىك كاتەكچە ئىچىگە سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئورمانلار دەھشەتلىك ئوت يالقۇنىدا كۆيىۋاتقانلىقى، قىرغاۋۇلنىڭ ئوتنى ئەگىپ ئۆچۈۋاتقانلىقى، ئارقا تەرىپىدە ھەر خىل قۇشلارنىڭ قىرغاۋۇلغا قاراپ تەسىرلەنگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىم قىزىل مىڭ ئۆيىنىڭ 17 - غارىدا ساقلانماقتا.

## شاتۇتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشى⑦

بۇرۇن بىر چوڭ قارلىق تاغ بولغان ئىكەن (ئېھتىمال تەڭرى تېغى بولسا كېرەك). تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدە قارلار يىل بويى ئېرىمەيدىكەن. كۈنگەي تەرىپىدە بولسا كۆز يەتكۈسىز بىپايان ئورمانزارلىق بار ئىكەن. بۇ ئورمانزارلىقتا قۇشلار توپ - توپى بىلەن يۇردىشىدىكەن. بۇ قۇشلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر شاتۇتى ئۇلارنىڭ سەركەردىسى بولۇپ، ئىسمى «شات - خورام باشچى» ئىكەن. قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ناھايىتى دەھشەتلىك بوران چىقىپتۇ. قۇشلارنىڭ ھەممىسى دۈگدىيىشكە باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا چاقماق چۈشۈپ ئورمانلىققا ئوت كېتىپتۇ. قۇشلار ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. شاتۇتى بۇ پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ، قۇشلارنىڭ بۇنداق بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىغا ناھايىتى ئىچى ئاغرىپتۇ - دە «بۇلارمۇ جانلىق ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلاپ، دەرھال دەرياغا بېرىپ چۆمۈلۈپ كېلىپ قانىتىنى ئوتقا سىلكىشكە باشلاپتۇ. ئۇ كۈنلەپ - ئايلاپ جاپالىق جەڭ قىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئاسمان ئىلاھى يەرگە چۈشۈپ شاتۇتىدىن: «بۇ ئورمانلىق نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ، سەن ئىككى قانىتىڭغا تايىنىپ، بىر قانچە ئاي سۇ توشۇش بىلەن بۇ دەھشەتلىك ئوتنى ئۆچۈرەلەمسەن......؟» دەپ سوراپتۇ. شاتۇتى ئاسمان ئىلاھىغا: «گەرچە بۇ ئورمانلىق كەڭ بولسىمۇ، مېنىڭ قەلبىم ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كەڭ. ئوت گەرچە كۈچلۈك بولسىمۇ، مېنىڭ ئىرادەم ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە مۇستەھكەم. پەقەت مەن جاپاغا چىداپ كېچە - كۈندۈز سۇ توشۇسام، بۇ ئەسىر يەتمىسە كېيىنكى ئەسىر بار......» دەپ ئاسمان ئىلاھىنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. قۇشلارنىڭ سەركەردىسى شاتۇتى نەچچە يۈز يىل جاپالىق جەڭ قىلىپ، ئاخىرى ئوتنى ئۆچۈرۈپ، ئورمانلار ۋە قۇشلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قاپتۇ......

يۇقۇرقى قىسسەلەر يۇكسەك فانتازىيىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاقىي پەزى-

لەت ۋە كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك تەشەببۇس قىلىنغان. چاتما رەسىم شەكلىدە بايان قىسلىنغان بۇ قىسسە ئۆزى ئاددى، كۆرۈنىشى كۆركەم، رەڭلىرى ئوچۇق بولۇپ، مول تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە. بۇ، بۇددا رەسىمچىلىگى ئىچىدىكى ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى ئەپسانىسى «جىنۇي قۇشنىڭ دېڭىزنى تىندۇرۇشى» غا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ھازىر قىزىل مىڭ ئۆيىنىڭ 206 - غارىدا ساقلانماقتا.

## كەپتەرنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ، دېخانغا سەدىقە بولۇشى⑧

ھەيۋەتلىك، چوڭ قارلىق تاغدا بىر كەپتەر ياشايدىكەن. ئۇ، ئۇچۇشقا ماھىر ھەم زېرەك ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دېخان شۇ تاغدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا قاتتىق شىۋىرغاندا قېلىپ يولدىن ئادىشىپتۇ ۋە سوغوقتا ئاچ قېلىپ ئىنتايىن خەۋپلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ ھالسىزلىنىپ قاپتۇ. ئەقىللىق كەپتەر بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن يولدىن ئازغان دېخانغا ھېسداشلىقى كېلىپ، ئوتۇن تېرىپ ئوت قالاپ بېرىپتۇ. بوۋاي ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەپتۇ. لېكىن يەمەكلىك تېپىش قىيىن بولغاچقا قوسىقى ئېچىپ يەنىلا ئۆلۈش ھالىتىگە يېتىپ قاپتۇ. ئەقىللىق كەپتەر ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئامال تاپالماي، ئاخىرى بوۋايغا «مەن ئۆزەمنى ئوتقا تاشلاپ كاۋاپ بولاي، سىز مېنى يەپ يولىڭىزغا راۋان بولۇڭ......» دەپتۇ. بوۋاي بەكمۇ تەسىرلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا كەپتەر ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ گۆشىنى يەپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

بۇ، قىسسە قەدىمقى زامان شىنجاڭ رەسساملىرى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان تېمىلاردىن بىرى. بۇ رەسىم چاتما شەكلىدە سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كەپتەرنىڭ ئوتتا كۆيىۋاتقانلىقى، دېخاننىڭ ئوت يالقۇنىدا كەپتەرگە قاراپ تۇرغانلىقىدەك تەسىرلىك ۋەقە ئىخچام بايان قىلىنغان. بۇ خىل رەسىملەرنى قىزىل مىڭ ئۆيىنىڭ ھەر قايسى غارلىرىدا خېلى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

## توشقاننىڭ ئۆزىنى براخمان⑨ غا تەقدىم قىلىشى⑩

قەدىمقى دەۋردە بىر براخمان بولۇپ، ئۇ 120 يىل ئۆمۈر كۆرگەن ئىكەن. ئۇ تاغ، ئورمانلىقتا ياكى كەپىلەردە ئەمەس، بەلكى شىۋاقلار ئارىسىنى ماكان قىلىپ، سۈزۈك بۇلاق سۇلىرىنى ئىچىپ، تاغ مېۋىلىرىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇ ئىنتايىن ئەخلاقلىق، تەمكىن ئىكەن. شۇڭا پادىشا ئۇنى خىزمەتكە چاقىرسا ئۇنىمايدىكەن. ئۇ تاغ - ئورمانلىقلاردا بىر قانچە ئون يىل تۇرۇپ، تاغ ھايۋانلىرى بىلەن ناھايىتى ئوبدان چىقىشىپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىپتۇ.

ئورماندا تۈلكە، مايمۇن، توشقان ۋە جەرەن قاتارلىق 4 خىل ھايۋان بار ئىكەن.

ئۇلار براخماننىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىكەن. بىر چاغلاردا قاتتىق قۇرغاقچىلىق ۋە دەھشەتلىك سوغۇق بولۇپ كېتىپ تاغ مېۋىلىرى تۆكەپ كېتىپتۇ. براخمان ئاچلىققا چىدىيالماي ئۆلەر هالغا كېلىپ قالغاندا، ئۇ هايۋانلار بىلەن خوشلىشىپ، باشقا ياققا كەتمەكچى بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن توشقان، تۈلكە، مايمۇن ۋە جەرەنلەر مەسلىھەتلىشىپ، ئەگەر براخمان كەتسە بىز ئەتىمىرەپ، چاڭ - تۇزاڭ ئىچىدە قالىمىز، شۇڭلاشقا ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئوزۇقلۇق ئىزدەيلى، دەپتۇ - دە، ئەرەپ - ئەرەپكە مېڭىپتۇ. مايمۇن قاتمۇ - قات تاغلاردىن ئېشىپ، تاشتىن - تاشقا سەكرەپ يۈرۈپ ياۋا مېۋىلەرنى ئۈزۈپ كەپتۇ. جەرەنمۇ شۇنداق قىپتۇ. تۈلكە ئادەم قىياپىتىدە ياسىنىپ، مەھەللىگە بېرىپ تاماق ئەكەپتۇ. لېكىن توشقان ھېچنەرسە ئەكەلەلمىگەچكە ناھايىتى خىجىل بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى براخمانغا قىلىدىغان بىردىن - بىر ياخشىلىق ئۆزىنى تەقدىم قىلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. توشقان براخمانغا: «مەن ساڭا ھېچقانداق يېمەكلىك تەقدىم قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، مېنىڭ تېنىم گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن سىزنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇقىڭىزغا يېتىدۇ.......» دەپتۇ ۋە شۇئان ئوتتۇن تېرىپ ئوت قالاپتۇ. ئوت راسا كۆيگەن چاغدا ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپتۇ. توشقاننىڭ بۇ ئالىجاناپلىقى ئوت ئىلاھىنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. براخمان هايۋانلار قەلبىنىڭ شۇنچە پاك ھەم ساددىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلىنىپتۇ. ھەم ئۇلار بىلەن ھايات - ماماتتا بىللە بولۇپ ئۆتۈپتۇ......

توشقان ھەققىدىكى بۇ قىسسە گەرچە ناھايىتى ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن كۆچار رەسساملىرى تەرىپىدىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن بىرلا كۆرۈنۈشكە يىغىنچاقلاپ بايان قىلىنغان. بۇ رەسىم 3 خىل رەڭدە بويالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوتقا توشقاننىڭ سەكرەۋاتقانلىقى، ئەتراپىدا براخمان ۋە باشقا هايۋانلارنىڭ توشقانغا قاراپ تۇرغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ— 17-، 38- غارلاردا ساقلانماقتا.

## توشقان پادىشاسىنىڭ قانۇننى قوغداپ، جېنىنى پىدا قىلىشى [11]

قىدىمقى بىر تاغ ئورمانلىقىدا بىر توپ ياۋا توشقان ياشايدىكەن. توشقان پادىشاسى دائىم توشقانلارغا: «ساۋاپلىق ئىش قىلىڭلار...» دەپ ئۆگىتىدىكەن. شۇ چاغلاردا بىر براخمان يۇرتىدىن بىزار بولۇپ، ئائىلىسىنى تاشلاپ چىقىپ مۇشۇ تاغ ئورمانلىقىدا تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشا توشقانلارغا ۋەز سۆزلىگەندە براخمانمۇ يىراقتا تۇرۇپ ئاڭلايدىكەن ۋە تەسىرلىنىدىكەن. ئۇ كۆڭلىدە: «مەن گەرچە ئادەم بولساممۇ، توشقانچىلىك ئەقلىم يوق ئىكەن...» دەپ ئويلايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ، توشقان پادىشاسىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى يۇيۇۋېتىشنى ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ. توشقان پادىشاسى براخماننىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ماقۇل كۆرۈپتۇ، ھەمدە براخماننى ئۆز يېنىدا ئېلىپ

قاپتۇ. ھەر كۈنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەپتۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى براخمان تۇردۇشقا ئادەتلىنەلمەي، ئادەم يەيدىغان تاماقلارنى يېيەلمەي، ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كۈنى تەسلىشىپتۇ-دە ئاخىر خۇشلاشماقچى بوپتۇ. پادىشا ئۇنىڭ نېمە سەۋەپتىن كېتىدىغانلىغىنى سورىدغاندا ئۇ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشا بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ ۋە براخمانغا: «مەن توغرا ئىش قىلمىغانلىغىم ئۈچۈن سىزنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ قالالمايمەن، ئەمما سىزنىڭ يەنە بىر كېچە تۇرۇپ ئەتە يولغا چىققىشىڭىزنى خالايمەن...» دەپتۇ. براخمان ماقۇل بوپتۇ. توشقان پادىشاسى كېچىچە توشقانلارغا ئوتۇن يىغدۇرۇپ، ئوت قالاپتۇ ۋە گۈلخاندا ئولتۇرۇپ براخمان ۋە توشقانلارغا قانۇن تۈزۈمنى سۆزلەپتۇ. ئاخىرىدا توشقان پادىشاسى براخمانغا: «ئەقىللىق كىشىلەر، باي كىشىلەر سەدىقە بېرىشى كېرەك، سەدىقە قىلغاندىلا كۆپ كىشىلەرنى ئەخلاقلىق، كۆيۈمچان، ۋاپادار قىلغىلى بولىدۇ. مەن كۈندە ساڭا قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ قويدۇم، كۆڭلۈم تولىمۇ ئازاپلىنىۋاتىدۇ. سىزنىڭ ئاچ-زارلىكنى ھەل قىلىشتا ئۆزەمنى تەقدىم قىلدىم. بۇ مېنىڭ توشقانلارنىڭ قانۇننى تېخىمۇ مۇستەھكەملەشكە بەل باغلىغانلىغىم...» دەپتۇ ۋە سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپتۇ. براخمان ئۇنى قۇتقۇزماقچى بوپتۇ-يۇ ئۈلگۈرەلمەپتۇ. توشقان پادىشاسى كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ. براخمان توشقان پادىشاسىنىڭ ئاق كۆڭۈل ساپ نىيىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپتۇ ھەمدە ئىنتايىن خىجىل بولۇپ توشقان پادىشاسىنىڭ شەپقىتىگە جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈن، توشقان پادىشاسىنىڭ جەسىدىنى قۇچاغلاپ ئوتقا كىرىپتۇ. ئاسمان پادىشاسى توشقان پادىشاسى بىلەن براخماننىڭ قانۇننى قوغداشتىكى ساپ نىيىتىنى كۆرۈپ يەر يۈزىگە چۈشۈپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىخانلىرىنى يىغىپ كېپەنلەپ خۇداغا مۇراجىئەت قىلىپ يەرلىكىدە قويۇپتۇ.

بۇ قىسسە ئەسلى ئۇدۇقۇت رايونىدا بارلىققا كەلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇ كېيىنچە ھەر قايسى جايلارغا تارقالغان. بۇ چاتما شەكلىدە ئوبرازلىق بايان قىلىنغان رەسىمدە توشقان پادىشاسىنىڭ ئوتقا ئېتىلغانلىغى ۋە براخماننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاۋاتقانلىغى كۆرسىتىلگەن. رەسىمنىڭ ئارقا تەرىپىدە نۇرغۇن توشقانلار ئوتقا قارىشىپ تۇرۇشقان. بۇ 14-غاردا ساقلانماقتا.

## ئالتۇن يۇڭلۇق ھايۋاننىڭ تېرىسىنى تەقدىم قىلىشى⑬

رىۋايەتلەردىكى يابودتى (yabuddti) نىڭ چېگرىسى ئىچىدە پولۇنا (Poluna) دىگەن بىر دۆلەت بولۇپ، پادىشاسىنىڭ ئىسمى براخمۇدا (birahmuda) ئىكەن. ئۇ ئىنتايىن ۋەھشى ۋە قانخور بولۇپ، ئادالەتسىزلىك بىلەن دۆلەت باشقۇرىدىكەن. شۇڭلاشقا خەلق ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۆچ بولۇپ، ئىنتىقام ئالغۇسى بولسىمۇ، لېكىن ھەممەيلەن پادىشا تەرەپىدىن كاللىسىنىڭ كېسىلىشىدىن قورقىدىكەن.

بىر كېچىسى بىراخمۇدا ئۇخلاۋېتىپ چۈشىدە ئالتۇن يۇڭلۇق ھايۋاننى كۆرۈپتۇ. ئۇ ناھايىتى گۈزەل، يۇڭلىرى ئالتۇن ئىمىش. قارىغىدەك بولسا، ئۇ، ئوردىسىدا ئۇيان بۇيان چېپىپ يۈرگىدەكمىش... بىراخمۇدا ئويغىنىپ قارىسا، ئالتۇن يۇڭلۇق ھايۋان كۆرۈنمەپتۇ. شۇڭا ئۇ تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماي ئوي - ئويلاپ، ئەتىسى پۈتۈن دۆلەتتىكى ھەممە ئوۋچىلارنى يىغىپ، چۈشىدە كۆرگەن ھايۋاننى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەگەر تۇتۇپ كېلەلمىسە، ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە ئەۋلاتلىرىنى قىرىپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئوۋچىلار ئوۋغا مېڭىشىپتۇ. ئۇلار بىر كۈن مېڭىپ تاغ باغرىغا ئەمدىلا يەتكەندە بىر قانچە ئوۋچىلارنى زەھەرلىك ھاشارەتلەر چېقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلار ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى ئادىمى ئازلاپ كېتىپتۇ. ئارىدىن 5 كۈن ئۆتكەندە شۇنچىۋالا ئوۋچىدىن ئارانلا بىر تەجرىبىلىك بوۋاي قاپتۇ. ئۇنىڭمۇ يېمەك - ئىچمىكى تۈگەپتۇ. ھاۋا ئىسسىق، ئىچكىلى سۇ بولمىغاچقا، بىر تاغ قاپتىلىدىن ئۆتكەندە ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. بوۋاي مۇشۇ جايدا ئۆلۈپ كېتىشكە كۆزى يېتىپ: «قۇتقۇزۇڭلار...» دەپ قايتا - قايتا تۈۋلاپتۇ. شۇ ئەسنادا تاغ باغرىدا كېتىۋاتقان ئالتۇن يۇڭلۇق ھايۋان بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال بوۋاينىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئاچ، ئۇسسۇز بىر بوۋاي ياتقىدەك. ئۇ دەرھال بوۋاينى يۈدۈپ، بۇلاق بويىغا ئاپىرىپ سۇ ئىچكۈزۈپتۇ. ئاندىن ياۋا مېۋىلەرنى تېرىپ كېلىپ يېگۈزۈپتۇ. بوۋاي ھوشىغا كېلىپ قارىسا، پادىشا تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرىغان ئالتۇن يۇڭلۇق ھايۋاننىڭ دەل ئۆزى ئالدىدا تۇرغىدەك. بوۋاي خۇشاللىقىدىن ئوقيانى ئۇنىڭغا تەڭلەپتۇ. يۇ، ئۆزىنى قۇتقازغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئاتماپتۇ. تۇتۇپ ئېلىپ كېتەي دېسە ئۆز ھاياتىنى قۇتقازغان، قۇرۇق قول قايتاي دېسە ئۆزى ۋە باشقا ئوۋچىلارنىڭ ئەۋلاتلىرى قىرىلىپ تۈگەيدۇ. بوۋاي ئىككىلىنىپ قاپتۇ. شۇندا ئالتۇن يۇڭلۇق ھايۋان ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر سىر بارلىقىنى بىلىپ بوۋايدىن سوراپتۇ. ئاقكۆڭۈل بوۋاي ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئالتۇن يۇڭلۇق ھايۋان بوۋايغا كەسكىن ھالدا: «مەن تېرەمنىڭ ھەممىسىنى سويۇپ بېرىشكە رازىمەن، لېكىن نەچچە مىڭ ياش - قېرىلارنىڭ كاللىسى كېسىلىشكە رازى ئەمەسمەن. ئېسىڭدە بولسۇنكى، مېنىڭ تېرەم ئىنسانلار ئېرىشەلمەيدىغان ئالتۇن يۇڭلۇق تېرە بولسىمۇ، قېرىنداشلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن مەن بۇنى سىزگە تەقدىم قىلىمەن...» دەپ تېرىسىنى سويۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ ھاياتى ئامان قاپتۇ. ئۇلار بۇ ئالتۇن يۇڭلۇق ھايۋاننىڭ ئېسىل خىسلىتىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈپتۇ...

بۇ قىسسىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان رەسىمى يەككە شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭدا ھايۋاننىڭ ئۆز تېرىسىنى بوۋايغا تەقدىم قىلىپ بېرىۋاتقانلىقى ۋە بوۋاينىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئېلىۋاتقانلىقى سىزىلغان. بۇ رەسىمنىڭ سىزىلىشى ئاددىي، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ ئوبرازى جانلىق، تەسىرلىك كۆرسىتىلگەن. بۇ خىل ئوبرازلار شىنجاڭ خەلق مۇزېيىنىڭ «مىڭ ئۆي بولۇمى» دىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ھازىر قىزىل مىڭ ئۆينىڭ 17 - غارىدا ساقلانماقتا.

## خەير - ئېھسانلىق سۇ ئىلاھىنىڭ جېنىنى پىدا قىلىشى⑭

قەدىمقى زامانلاردىكى بىر خىلۋەت ئورمانلىقتا ئىككى سۇ ئىلاھى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئەركەك، بىرى چىشى ئىكەن. بۇ جايدا گۈل - گىياھلار كۆپ، مېۋە - چېۋىلەر مول بولۇپ، ئالتۇن چايقىلىدىغان بۇلاقتىن سۇ ئىچىدىكەن، ئۇلار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ، تۇرمۇشنى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدىكەن. شۇ جايدا يەنە بىر ئالتۇن قاناتلىق قۇشلار پادىشاسى بولۇپ، ئۇ يامغۇر ياغدۇرالايدىكەن، بوران چىقىرالايدىكەن. ھەممە تاغ-تاشلارنى گۈمران قىلىپ، دەريا كۆللەرنى قۇرۇتىۋېتەلەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ سۇ ئىلاھىنىڭ يېنىغا كېلىپ، تۇتۇپ ئۆزىگە يەم قىلماقچى بوپتۇ. سۇ ئىلاھىسى ناھايىتى قورقۇپ سارا-سىمىگە چۈشۈپتۇ ۋە ئىچىدە «ئەندى سۇ ھايۋانلىرىغا ئۆلۈم نۆۋىتى كەپتۇ، مەن جېنىمى-نى پىدا قىلىپ ئۇلارنى قۇتقازمىسام، قانداقمۇ ئۇلارنىڭ پادىشاسى بولالايمەن...» دەپ ئويلاپتۇ. ئاندىن ئالتۇن قاناتلىق قۇشلار پادىشاسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ياخشى گەپلەر بىلەن قايىل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇۋاپتۇ......

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سۇ ئىلاھىسى تاغ قاپتىلىغا بېرىپ يالىڭاچ ئاپتاپتا ئىسسىنىۋاتسا، تاغ ئىچىدىن بىر توپ مۇتەھەملەر كېلىپ، سۇ ئىلاھىسىنىڭ يالىڭاچلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى ئاپىرىپ پادىشاسىغا تەقدىم قىلىشماقچى بولۇشۇپتۇ. سۇ ئىلاھىسى ئۇلار بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپتۇ - يۇ، ئەگەر غەلىبە قىلالمىسا بارلىق سۇ ھايۋانلىرىنىڭ يەر يۈزىدىن يوقىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، باشقىلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى تەقدىم قىپتۇ. مۇتەھەملەر ئۇنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ كېتىشىپتۇ. خەير - ئېھسانلىق سۇ ئىلاھىسىنىڭ بۇ ئالىجاناپلىق روھىدىن تەسىرلەنگەن ئاسماندىكى نۇرغۇن خۇدا - ئەۋلىيالار سۇ ئىلاھىسىغا تېرە سېلىپ، ئۇنى قۇتقۇزىۋاپتۇ.

بۇ رەسىمدە مۇتەھەملەرنىڭ سۇ ئىلاھىسىنى دۈمبالاپ ئۇرۇۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. رەسىمنىڭ سىزىلىشى ئاددى، مەزمۇنى ئىخچام ۋە تەسىرلىك. ئۇ چاتما رەسىمچىلىك ئۇسلۇبى بىلەن ئەمەس، بەلكى يەككە رەسىمچىلىك ئۇسلۇبى بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن قىسسىنى بىرلا كۆرۈنۈشكە يىغىنچاقلاپ تەسۋىرلىگەن. بۇ ھازىر قىزىل مىڭ ئۆيىنىڭ 17 - غارىدا ساقلانماقتا.

يۇقۇرقىلار، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىلادىيىدىن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى دەۋرلەردە ياراتقان ھايۋاناتلار ھەققىدىكى يارالمىش قىسسىلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلار ئۆز رىۋايەت قىسسىلىرىدە ئاجايىپ گۈزەل خىيال ۋە مول تەسەۋۋۇر، فانتازىيىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائى ئوبيېكتى بولغان ھايۋاناتلارنىڭ يارىلىش ھەققىدىكى چۈشەنچە ئېتىقاتلىرىنى ئېغىزچە ۋە تام رەسىملىرى ئارقىلىق بايان قىلىنغان.

قىزىل مىڭ ئۆيىدە ساقلىنىۋاتقان بۇنداق بەدىئى ئوبرازلىق قىسسەلەرنىڭ سانى كۆپ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇقۇرقىدەك قىسسەلەردىن باشقا يەنە بۇددا

ۋە مانى دىنلىرىدىكى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق خۇدالىرىنىڭ تىمساللىرى، يۇۋاش تەڭرىلەر؛ ئاسمان ۋە تاغلارغا، مۇئەككەل ـ ئەۋلىيالارغا، دۇئاگۇيلارغا، ئاسى بەندىلەرگە ئائىت قىسسەلەر؛ ئۇچار ئادەملەر، بېشى ئادەم، تېنى هايۋان سۈرىتىدىكى هۆرلىقالار، بۇلبۇل گويالار، بېلىق سۈرەتلىك مۇلايىم جانان قىزلار، دەرەخ ئۈستىدە يۈرىدىغان سىرلىق كېپىنەكلەرگە ئائىت ئوبرازلىق قىسسەلەرمۇ بار.

قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى يارالمىش قىسسىلىرى مۇهىم بىر تەتقىقات تېمىسى. تارىختىن بۇيان قىزىل مىڭ ئۆي مەدەنىي يادىكارلىقى كىشىلەرگە سىرلىق بىر تىلسىمات بولۇپ كەلگەن ۋە بۇ هەقتە نۇرغۇن ئەپسانە، رىۋايەتلەرمۇ توقۇلغان ئىدى. هازىرقى زامان ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققى قىلىشى، هەر قايسى مىللەت زىيالىيلىرى خۇسۇسەن يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان زىيالىيلارنىڭ تىرىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات بارغانسېرى چوڭقۇرلۇشۇپ، يېڭى نەتىجىلەر بارلىققا كەلمەكتە، ئىشىنىمەنكى، بۇ جەھەتتىكى نەتىجە مۇندىن كېيىن تېخىمۇ زور بولغۇسى!

ئىزاھلار :

① ۋېدا — ئەسلىدە «بىلىم» دېگەن مەنىدە بولۇپ، دىن هەققىدىكى بىلىملا كۆزدە تۇتۇلاتتى. كېيىن، براخمان دىنىنىڭ بىلىملىرى توپلانغان كىلاسسىك ئەسەرنىڭ نامى بولۇپ قالغان. ئۇ: «رىگۋ ۋېدا»، «سامۇ ۋېدا»، «يىرۇ ۋېدا»، «ئادارپۇ ۋېدا» لارغا بۆلۈنىدۇ.

② بۇددىستلار ئۆزلىرىنىڭ «راهەت ـ پاراغەت دۇنياسى» غا يېتىپ بېرىش يولىنى هارۋىغا چۈشۈشكە ئوخشۇتۇشقان. «چوڭ يول» دېگەندە، چوڭ ۋە كەڭ بولغان قۇتۇلۇش يولى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. چوڭ يولۇقلار بۇددا دىنى راۋاج تاپقاندىن كېيىن، ئېپتىدائى بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مەزهەپلەر «تار يولۇقلار» دەپ كەمسىتىلگەن.

③ خۇي زۆڭ: «هىندىستاننىڭ قەدىمقى ماتېرىياللىرى ۋە ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى».

④ ئا. كىئۇۋانخان: «بارخۇت بۇت مۇنارىسى».

⑤ ج. كورپۇس: «ئاجانتا بۇددا مىڭ ئۆي تام رەسىملىرى».

⑥ قىرغاۋۇل هەققىدىكى قىسسە سانسكرىتچە Suka دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇزۇن قۇيرۇق قۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قىسسە بۇددا دىنىنىڭ ئەمىر مەرۇپ كىتاۋى «Mahsasaka vinaya» نىڭ 26 ـ سى بىلەن «Mahaprajna paramita sastra» ۋە «有部药事» نىڭ 15 ـ سىدە بايان قىلىنغان.

⑦ شاتۇتنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش قىسسىسى «كونا تەمسىللەر» نىڭ 2 ـ، 3 ـ سى بىلەن «Sinhasang hanikaya» نىڭ 1 ـ جىلد «پارچە سانلانغان نومىلار» نىڭ 2 ـ، 13 ـ قىسىمىدا بايان قىلىنغان.

⑧ كەپتەر هەققىدىكى قىسسە «Mahaprajna paramita Sastra» نامىلىق ئەسەرنىڭ 11 ـ جىلدىدا بايان قىلىنغان بولۇپ، كومىراجىۋا تەرجىمە قىلغان 100 جىلدلىق بۇددا ئەسىرى.

⑨ بىراخمان ئەسلى «Birahman» (婆罗门) دەپ يېزىلاتتى. لېكىن بۇددا كىتاۋى «Abhidharma amaharibhasa sastra» دا باشقا ئاتالغۇ بىلەن «Birahma carin» (梵志) دەپ خاتىرىلەنگەن. بىراخمان هەققىدىكى قىسسە يۇقۇرقى كىتاپتا تەپسىلى سۆزلەنگەن.

⑩ بۇ قىسسە ۋۇداڭ قازغان «六度集经» نامىلىق 8 جىلدلىق ئەسەر بىلەن — «菩萨本缘经» نامىلىق ئەسەرنىڭ 6 ـ سى ۋە «生经» قاتارلىق ئەسەرلەردە سۆزلىنىدۇ.

⑪ بۇ قىسسە — «撰集百缘经» نامىلىق ئەسەرنىڭ 38 ـ سى بىلەن «一切智光明仙人经» قاتارلىق ئەسەرلەردە سۆزلىنىدۇ.

⑫ بۇ قىسسە «دانىشمەنلىك ۋە ئاخماقلىق سۇتراسى» نىڭ 3 ـ جىلدىدا سۆزلىنىدۇ.

⑬ بۇ قىسسە — «菩萨本生鬘» نامىلىق ئەسەر بىلەن «菩萨本缘经» قاتارلىق ئەسەرلەردە سۆزلىنىدۇ.

# قۇم ئاستىدىكى شەھەر ـ قەدىمقى نىيە خارابىسى

(نىيە قەدىمقى خارابىسىنى تەكشۈرۈش)

سابىت ئەخمەت، ئەخمەت رېشىت

## 1

تارىم ئويمانلىقى ــ تىيانشان، كۇئېنلۇن ۋە ئالتۇن تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئورالغان ئەڭ چوڭ ئويمانلىق. تەكلىماكان قۇملۇقى مۇشۇ چوڭ ئويمانلىقنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمى دائىرىسى 9000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ۋە ئىچكىرىسىدە بۇرۇن نۇرغۇنلىغان يېشىل بوستانلىقلار بولغان، تارىم دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسى قەدىمدىن تارتىپ بۇ چوڭ ئىچكى ئويمانلىققا ھەر تەرەپتىن ئېقىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلارنى يېشىل بوستانلىققا پۈركەپ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان.

بۇ بىپايان زېمىندا ئەجداتلىرىمىز ماكانلىشىپ، ئاۋۇپ ـ كۆپىيىپ، نۇرغۇنلىغان ئۆچمەس، پارلاق مەدەنىيەت يادنامىلىرىنى قالدۇرغان. شۇڭا، تارىم ئويمانلىقىدا ئۇزاق تارىختىن قېپ قالغان، تاكى ھازىرغىچە سىرى ئېچىلىپ كەتمىگەن، قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ گۇۋاھچىلىرىدىن بولغان نۇرغۇن خارابە ئىزلىرى قۇم ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا. بۇ خارابىلار خۇددى يەرلىك خەلقلەر تەسۋىرلىگەندەك، بەزىدە ئاشكارا كۆرۈنۈپ، بەزىدە يوشۇرۇنىدۇ. بۇ جايلارنى يەرلىك خەلقلەر «تىلسىمات شەھەر» دەپ ئاتىشىدۇ، بىز دېمەكچى بولغان قەدىمقى شەھەر نىيە خارابىسى ـ ئەنە شۇ يېشىل بوستانلىقتىكى «تىلسىمات شەھەر» لەرنىڭ بىرى.

نىيە قەدىمقى شەھەر خارابە ئىزى ـ ھازىرقى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 160 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چوڭ قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئەينى زاماندىكى مەشھۇر «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ خارابىلىقنىڭ شاھىدلىرىدىن بولغان يەرلىك كىشىلەر بۇ «تىلسىمات شەھەر» توغرىسىدا قىزىقارلىق رىۋايەتلەرنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلات ئەسلىرىدە ساقلاپ كەلگەن. شۇڭا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ستەيىن

بۇ جايغا كىرىپ، كۆپلىگەن يادىكارلىقلارنى تاپقان.

1959 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بۇ خارابىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى تەكشۈرۈپ، مۇھىم يادىكارلىقلارنى تاپقان. بىز خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق ئورنىدىكى يولداشلار بىلەن ئۆز كەسپىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن بۇ خارابىلىقنى بىر قېتىم تەكشۈردۇق.

## 2

بىز 1980 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نىيە ناھىيىسىدىن يولغا چىقىپ، نىيە دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا ماڭدۇق. بۇ جەرياندا بىز قالماق قۇدۇق، ئارالىق، ئاچا يول، دۆۋە گەز، ئاق ئىلەك، يا چاققان، زەينەپ دۆڭ، تۇغرا سۇ، ئاق ئات (ئاۋۇقات)، ئاق دۆڭ، يانتوغراق، يان ئېغىل، يۇگەنچى، قاپقاسقان (قاپاق ئاسقان) دىگەن جايلارنى بېسىپ، مازارغا (ئىمام جەپپار سادىق پادىشاھىغا) كەلدۇق. بۇ جاي ناھىيەدىن 100 كىلومېتىر كېلەتتى. بۇ جاي مازار ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ئورۇنلاشقان ئورۇن بولۇپ، نىيە خارابىسىغا كىرىشتىكى ئالدىنقى دەرۋازا ھىساپلىناتتى.

بىز بېسىپ ئۆتكەن بۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپى قېلىن تەبىئىي توغراق - يۇلغۇنلۇق بولۇپ، يول دەريانىڭ بەزىدە غەربىگە، بەزىدە شەرقىگە ئۆتەتتى. يولنىڭ ئىككى ياقىسى قېلىن ئورمان بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ بىرلا يولدىن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. يول ئۇزاۋەكسىز قايناپ تۇرغان ئات - ئۇلاق، ھارۋىلارنىڭ چەيلىشى بىلەن گويا پاراللېل ئۈچ ئېرىققا ئوخشاش چوڭقۇر ئويۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، يول يۈزى يۇمشاق توپا بىلەن تىنىپ كەتكەن. ئاياق تېگىشى بىلەنلا توپلار گويا توزغاقتەك ئەتراپقا ئۇچۇپ تۇراتتى.

مازار ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى كادىرلىرى ئەھۋال تونۇشتۇردى ۋە بىزگە نىيە خارابىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى بىلىدىغان يول باشلىغۇچىلارنى قوشۇپ بەردى.

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى كادىرلىرى نىيە دەرياسىنىڭ سۈيى ئۈچ يىل بۇرۇن مازاردىن ئۆتۈپ، «تۈلكىچى كۆل»گە يېتىپ كېلەتتى، ئۈچ يىلدىن بېرى دەريا سۈيى ئازلاپ مۇشۇ جايغىمۇ يېتىپ كېلەلمەس بولۇپ قالدى، شۇڭا بىز قۇدۇق كولاپ سۇ چىقىرىپ چارۋىچىلىق بىلەن ئەمەك بولۇۋاتىمىز، دىدى. بىز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، 59 - يىلى تەكشۈرۈشكە كىرگەندە نىيە دەرياسى سۈيىنىڭ مازارنىڭ شىمالىدىكى «تۈلكىچى كۆل»گە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەسىمىزگە ئالدۇق.

ھازىر نىيە دەرياسى ناھىيىدىن ھىساپلىغاندا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان «ئاق دۆڭ»گە كېلىپ توختىغان. دىمەك دەريا سۈيى يىلدىن - يىلغا ئازايغان، مازار يولىدا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن توغراق - يۇلغۇنلارنى كۆپ ئۇچراتتۇق. بۇ ئەھۋال شۇ يەرلىك خەلققە ۋەھىمە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، تەبىئەتنىڭ بۇ تەھدىتى يەرلىك خەلقنى كۆچۈپ

كېتىشكە مەجبۇرلاشنىڭ سىگنالى ئىدى. ۋاھالەنكى، يەرلىك خەلقلەر تەبىئەتنىڭ بۇ ۋەھىمەلىك سىگنالىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، قۇدۇق قېزىپ، (ئاچچىق، شور سۇ بولسىمۇ)، يىراق جايلاردىن مۇز توشۇپ ئەكىلىپ ئىچسىمۇ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بۇ مۇقەددەس جايىنى تاشلاپ كەتكۈسى كەلمىگەن ۋە بۇ يىللاردىكى جاپا - مۇشەققەتلەردىن زارلانمىغان.

بىز يۇقۇرىدىكى رىيال ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىغاندا، ئىختىيارسىز ھالدا ئاتاقلىق سەيياھ شۈەنجۇاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربىي رايونغا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دىكى مۇنۇ بايانى ئېسىمىزگە چۈشتى:

«...... سىمۇ (Cemu) ئېقىنى شەرققە ئېقىپ، بىپايان چۆلگە سىڭىپ كېتىدۇ. 200 يول يۈرسە نىراڭ (نىيە) شەھرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 3 - 4 يول بولۇپ، بىپايان زەيكەشلىككە جايلاشقان. يەرلىرى نەم ئىسسىق. پىيادە يۈرۈش قىيىن. قومۇش، ئوت - چۆپلىرى قويۇق. شەھەرگە بارىدىغان بىرلا يولدىن باشقا يول يوق. پەقەت مۇشۇ يول بىلەنلا شەھەرگە كىرگىلى بولىدۇ. بۇرۇندىن تارتىپلا يولۇچىلار بۇ شەھەردىن ئۆتمەي ماڭالمايتتى. بۇ جاي قوستانە (خوتەن) دۆلىتىنىڭ شەرقىي ھودۇدىدىكى مۇداپىئە ئۆتكىلى ئىدى ......» دېيىلگەن.

شۈەنجۇاڭ بۇندىن 1300 يىللار ئىلگىرى بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي مۇھىتى، ھاۋا كېلىماتى قاتارلىقلارنى ئەنە شۇنداق روشەن سۈرەتلەپ بەرگەن.

بىز مازاردىن چىقىپ شىمالغا قاراپ ماڭغاندىن كېيىن، ئۆزىمىز بېسىۋاتقان يولنىڭ قېدىمقى نىيە دەرياسىنىڭ ئېقىنى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدۇق. دەرۋەقە، ھازىر بۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى شۈەنجۇاڭ تەسۋىرلىگەندەك زەيكەش، ئوت - چۆپلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇزاق يىللار مابەينىدە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ، گويا ھاك سۈيى بىلەن ئاقلاپ قويغاندەك ئاقىرىپ كەتكەن ناھايىتى قېلىن ۋە غايەت چوڭ توغراقلىقنىڭ قۇم بارخانلىرىغا يېرىم - ياتا كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى كۆردۇق. توگە كارۋىنىمىز مۇشۇ قاقشال توغراقلىقتىن ئۆتۈپ، قۇم ئاستىدا قالغان، ئىسمى بار، جىسمى يوق «خەلىچىخان ساتمىسى» نى بېسىپ، «بەلقۇم» دىگەن جايىنى قونالغۇ قىلدۇق.

«بەلقۇم» — ئېگىز - ئېگىز، ئېدىرسىمان قۇم تىزمىسى بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سوزۇلغان، مېڭىش ناھايىتى قىيىن بولغان مۇساپە بولۇپ، بەزى جايلىرى تىك چوڭقۇر، بەزى جايلىرى ئەگرى - توقاي قىيالىق، خۇددى تاغ بېلىگە ئوخشايتتى. قۇم قېلىن باسقانلىقىدىن قاقشال توغراقلار شالاڭ كۆزگە چېلىقاتتى. بىز بەلقۇمغا يېقىنلاشقانسېرى دەريا ئېقىنىنىڭ ئىزىنى پەرق ئەتكىلى بولمىدى.

ئەتىسى بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق، ماڭغانسېرى يىراقتىن گويا ئېگىز تاغ چوققىلىرىدەك چوقچىيىپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا قۇرۇپ يىقىلغان توغراق يۇلغۇنلار ھېساپسىز كۆزگە چېلىقاتتى، بۇ قۇملۇق «توغراتوم» دېيىلەتتى. بىز ئالغا ئىلگىرلىگەنسېرى مەنزىلىمىزنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلساقمۇ، لېكىن مەنزىل-

نىڭ قايسى تەرەپتە ياكى قايسى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغانلىقىنى قانچە قىلىپمۇ كۆزىتىپ پەرق ئەتەلمىدۇق. پەقەت يول باشلىغۇچىلارنىڭ زېرەكلىك بىلەن ئاندا-ساندا يىراقلارغا نەزەر سېلىپ كۆزىتىشلىرى بىزنى ھەر خىل ئوي-خىياللارغا ئېلىپ كېتەتتى.

بىز يەنىلا يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئالاھەزەل 5 - 6 سائەت ماڭغاندىن كېيىن، ئىگىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى جايلاردا ئاندا-ساندا كۆرۈنۈپ قالغان ئۆي-قوتانىنىڭ تام ئىزلىرىنى ئۇچراتتۇق. يول باشلىغۇچى بىزگە: بۇ جاينى «قويچى ساتمىسى» دەيمىز، بۇ جاي نىيە خارابىسىنىڭ باشلىنىشى، دەپ تونۇشتۇردى. دەرۋەقە، بۇ جايدا تارقاق جايلاشقان پاكار، رەتسىز ئۆي ئىزلىرىدىن باشقا يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن چىتلاپ ياسالغان مال قوتانلىرى، شامال يالاپ ئېچىۋەتكەن قىلىن مال قىغلىرى ۋە ئۆي ئەتراپىدا قىزىل رەڭلىك ساپال ئىدىشلارنىڭ پارچىلىرى چېچىلىپ تۇراتتى.

بىز «قويچى ساتمىسى» دىن ئايرىلىپ، ئالاھەزەل 10 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن «تېرەكلىك مەھەللە» دىگەن جايغا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. «تېرەكلىك مەھەللە» دىگەن بۇ نامنى يەرلىك خەلقلەر قويغان بولۇپ، ئۆي-ئىمارەت ئىزلىرى زىچ، قۇرۇپ كەتكەن دەل-دەرەخلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان ئىكەن.

بىز چۈشكەن ئىزنىڭ شەرقىدىن ئالاھەزەل 120 مېتىر نېرىسىدا ئايرىمىسى 2300 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، يەر يۈزىدىن 3 - 4 مېتىر ئىگىز تەكشى ئاق سېغىز توپىلىك ئۈستىدە 12 - 13 ئېغىز ئۆي ئەتراپىنى قورشاپ چىتلانغان قۇدۇق جايلاشقان. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، تام ئاستىغا ياتقۇزۇلغان زەڭگۇلدە ياغاچتىن تارتىپ، ئۆينىڭ تۆت تام بۇرجىكىدىكى تۈۋرۈك ۋە تۈۋرۈك ئارىلىقىدىكى ئارشا تۈۋرۈكلەرگىچە ئۆرە ھالىتىدە ساقلانغان. ئۆي تاملىرى تال ۋە يۇلغۇن چىۋىقلىرىدىن توقۇلغان قوشام (بورا) بىلەن توسالغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە سامانلىق لاي سۇۋالغان، تام سۇۋاقلىرىدىن قارىغاندا، سۇۋاق يۈزى قىزىل رەڭدە بويالغان، ئۆي ئىچىگە نۇرغۇن تۈۋرۈك ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۆيلەرگە ئارىلىق، دالانغا ئوخشاشلار ئىچكىرىمۇ ئىچكىرى ياسالغان بولۇپ، بەزى ئۆيلەردە سورا، ئوچاق ساقلىنىپ قالغان. بىز بۇ جايدىن ئۆي ئەتراپىغا تۆكۈلگەن كول، ئەخلەت ئارىسىدىن قارا رەڭ بىلەن قاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن ياغاچ تاشلارنى تاپتۇق. بۇ جايدىن قارىغاندا، ئۆز زامانىسىدا مەمۇرى مەھكىمە بولۇشى مۇمكىن.

يۇقۇرىدىكى خارابە ئىزىنىڭ غەربىدىكى «تېرەكلىك مەھەللە» دېيىلگەن خارابە ئىزىنىڭ دائىرىسى 4000 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، جەمئى 10 ئېغىزدەك ئۆي ئىزى، ياغاچ قۇرۇلمىلىرى بىر قەدەر ساق ساقلىنىپ قالغان. ئۆيلەر شەرقتىن غەربكە ئىككى قاتار سېلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا 30 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كارىدورى بار. بۇ خارابىنىڭ غەربىي بۇرجىكىدە 70 كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا كۆل ئورنى بولۇپ، كۆل

ئەتراپىغا 20 نەچچە تۇپ سۆگەت تىكىلگەن. بۇ ئىككى ئورۇندىكى خارابىلار ئەتراپىدا قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن مېۋىلىك دەرەخلەردىن جىگدە، ئۈرۈك، ياڭاق ۋە تېرەك، سۆگەت، توغراق غوللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

«تېرەكلىك مەھەللە» دىن شىمالغا قاراپ 4 كىلومېتىر ئەتراپىدا ماڭغاندا خام كېسەك بىلەن قۇرۇلغان، تەكتىنىڭ كەڭلىكى 5 يېرىم مېتىر، ئېگىزلىكى 4 يېرىم مېتىر كېلىدىغان بىر بۇددا مۇنارىسى بولۇپ، بۇنى يەرلىك خەلق «پوتەي» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مۇنارە ئەتراپىدا بوران ئۇچۇرۇپ تۈزلىۋەتكەن كۆپلىگەن ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئىزى بولۇپ، يەر بېتىدە ساپال پارچىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

مۇنارىدىن شەرققە قاراپ 500 مېتىر ماڭغاندا، دائىرىسى 24 مىڭ كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان «ئۆيلۈك» خارابىسى بار. بۇ خارابە دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئۆيلەرنىڭ كۆپلىكى ۋە زىچلىقى بىلەن باشقا ئىزلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خارابە ئىزىنىڭ شەرقىدە خارابىنى يايى شەكلىدە ئوراپ تۇرغان 80 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 3 مېتىر كەڭلىكتە لاي بىلەن قوپۇرۇلغان سېپىل بار، بۇ سېپىل ئېھتىمال شۆەنجۇاڭ ئېيتقان ئايلانمىسى 3 - 4 يول كېلىدىغان سېپىل ئىزى بولسا كېرەك. بۇ جايدا 110 ئېغىزدەك ئۆي ئورنى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئەتراپىنى قېلىن قۇم كۆمۈپ كەتكەن. بۇ خارابىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۆي ئىزلىرى ئىچىدىن توقۇمىچىلىق ئەسۋاپلىرىدىن گەرگە، پەنجە، يىك ۋە توقۇمىچىلىق ئەسۋاپ - سايمانلىرىنى تاپتۇق. بۇ جايدىكى ئۆيلەرنىڭ رەتلىك، زىچ ئورۇنلاشقانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ جاي قەدىمقى نىيە قەلئەسىنىڭ مۇھىم جايلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خارابە ئىزىدىن شەرققە قاراپ 1500 مېتىر ماڭغاندا «يەتتە تۇپ سۆگەت» دەپ ئاتىلىدىغان، ئابيومى 1000 كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان دۆڭلۈك ئۈستىگە ئورۇنلاشقان ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئون ئېغىزدەك ئۆي ئىزى بار. ئۆي ئىزلىرى دۆڭلۈك ئۈستىدە بولغانلىقىدىنمۇ، ئىشلىتىلگەن ياغاچ قۇرۇلمىلار ئاساسەن ساقلىنىپ قالغان، بولۇپمۇ ئۆينىڭ تام ھۇلىغا ئىشلىتىلگەن زەكۇندە ياغاچ، تۈۋرۈك ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئورنى، بوسۇغا ياغىچى، مورا - ئوچاققا ئوخشاش قۇرۇلمىلار بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان. بۇ خارابىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەجىمى 64 كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۆينىڭ ئىچىگە كەڭلىكى بىر مېتىر كېلىدىغان ئايلانما سۇپا چىقىرىلغان. بىز بۇ خارابىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، خارابىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئۆي ئىزلىرى ئىچىدىن تارشا پۈتۈك، خەن سۇلالىسىغا ئائىت «بەش جۇلۇق مىس پۇل» ۋە يەرلىك پۇللارنىڭ ئوكسىدلىشىپ كەتكەن قالدۇقلىرىنى تاپتۇق. مۇشۇ خارابىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بىر ئېرىق ئىزى بولۇپ، ئېرىق ياقىسىدا قۇرۇپ كەتكەن يەتتە تۇپ سۆگەت ساقلىنىپ قالغان. شۇڭا يەرلىك كىشىلەر بۇ جاينى «يەتتە تۇپ سۆگەت» دەپ ئاتاشقان.

يۇقۇرقى خارابە ئىزىنىڭ جايلىشىش ئورنى ۋە تېپىلغان يادىكارلىقلار ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ جاي ئەينى زاماندا مۇھىم مەمۇرى مەھكىمە جايلاشقان ئورۇنلاردىن بىرى

بولسا كېرەك. «ئۆيلۈك» خارابىسى بىلەن «يەتتە تۆپ سۆگەت» خارابىسىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ قۇم دۆۋىسى ئەتراپىدا بوران تەسىرىدىن يېرىم - ياتا ئېچىلىپ قالغان قەۋرىلەر بار. قەۋرىلەر دۆڭ ئەتراپىغا رەتسىز قويۇلغان بولۇپ، جەسەتلەر بورا (يۇلغۇن چىۋىقىدىن توقۇلغان)، قومۇش، تېرە، كىگىز، پالاس، گىلەمگە ئوراپ كۆمۈلگەن. جەسەتكە يۇڭ توقۇلمىلاردىن ئىشلەنگەن ئۇچلۇق باش كىيىم، ئىشتان، كۆينەك كىيگۈزۈلگەن. جەسەتنىڭ چاچلىرى بەزىلىرى ئوراپ تۈرۈلگەن، بەزىلىرى ئۆرۈلگەن، بەزى جەسەتلەرنىڭ ئەر - ئاياللىقىنى، ياش قۇرامىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ.

جەسەتنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياغاچ، تەگنە، چۆچەك، ئاياق ۋە ئاياق ئىچىگە قوي - ئۆچكە گۆشى ۋە بېشى بىللە قويۇلغان. بولۇپمۇ بۇ جايدىكى بىر جەسەتكە ئورالغان گىلەم توقۇلمىشى جەھەتتە ئالاھىدە بولۇپ، خۇددى چېبەرقۇتقا ئوخشاش بىر يولى مويلۇق، بىر يولى مويسىز، مويىنىڭ ئۇچى كېسىلمەي، ئوڭگە مويىغا ئوخشاش ئىلمەك ھالىتىدە توقۇلغان. بۇ گىلەمنىڭ توقۇلۇش تېخنىكىسى ۋە سۈپىتىدىن قارىغاندا، مۇشۇ خارابە ئەتراپىدىن 1959 - يىلى تېپىلغان مىلادى 3 - ئەسىرگە خاس گىلەمدىن قوپاللىقى، توقۇلۇش تېخنىكىسىنىڭ ئاددىيلىقى بىلەن يىل دەۋرى جەھەتتە ئىلگىرى تۇرىدۇ.

«پېتەي» دىن غەربكە قاراپ تەخمىنەن بەش كىلومېتىر ماڭغاندا، قۇمغا يېرىم - ياتا كۆمۈلگەن، دۆڭلۈكلەر ئۈستىگە جايلاشقان تۆت ئورۇندا ئۆي خارابىلىرى بار، بۇ خارابىلەر بىر - بىرىدىن 50 مېتىردىن 90 مېتىرغىچە، ئەڭ يىراقلىرى 400 مېتىر ئەتراپىدا ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بىز تەكشۈرگەن 1 - نۇقتا ئېگىزلىكى 5 مېتىر، ئابيۈزى 700 كۋادرات مېتىر چامىسىدا كېلىدىغان بىر دۆڭلۈك ئۈستىگە جايلاشقان، بۇ دۆڭلۈك ئۈستىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان 15 ئېغىز ئۆي بار. بۇ خارابىلىقتىكى ئۆي - ئىمارەتلەر باشقا جايلارغا قارىغاندا، بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان. ئۆيلەرنىڭ ياغاچ قۇرۇلمىلىرى، بولۇپمۇ ئۆينىڭ پېشايۋان ماڭلىيىغا ئورنىتىلغان گۈللۈك پارامان (سىنجى) ۋە تۈۋرۈك ئۈستىگە مىندۈرۈلگەن بالاۋىشى ياغاچلىرىمۇ ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. شۇنداقلا بۇ خارابىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر ئېغىز ئارىلىق (دالان) ئۆي ئىچىدە سېغىز توپا بىلەن ئۇششاق شېغىل تاش ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان، خېلى مۇكەممەل ساقلانغان تونۇرمۇ بار.

يەرلىك كىشىلەرنىڭ بۇ جاينى «گۈللۈك ئۆي» دەپ ئاتىشى دەل شۇ پاراماندا ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن گېئومېتىرىك گۈللەرگە قارىتىلغان بولۇپ، يېقىنقى زاماندا قويۇلغان نام بولۇشى ئېھتىمال. بىز بۇ جايدىن تارشا پۈتۈك، سۆگەك ئوقيا ئۇچى، ياغاچتىن ياسالغان سۈزگۈچ، تاغاق، ھەر خىل مارجان، ئەينەك پارچىسى، تۇخۇم شاكىلى، يۇڭ - يىپەك رەخ پارچىسى، مىس - تۆمۈر ئەسۋاب قالدۇقى ۋە چوڭ ساپال كوپ پارچىلىرىنى ئۇچراتتۇق.

«گۈللۈك ئۆي» خارابىسىدىن جەنۇبقا قاراپ 140 مېتىر ماڭغاندا، ئابيۈزى 1200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر خارابە ئىزى بولۇپ، ئۇ يەردە چوڭ - كىچىك 15 ئېغىزدەك ئۆي بار. ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىنى قۇم بېسىپ كەتكەن بولۇپ، ئەتراپىدا قۇرۇپ كەت-

كەن دەل - دەرەخلەرنىڭ كۆتەكلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خارابىنىڭ شەرقىنى شاخ - شۇمبا بىلەن چىتلىغان، خارابىنىڭ ئوتتۇرىسىدا لايدىن قوپۇرۇلغان تامدىن باشقا، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئىزلارغا ئوخشاش ياغاچ ماتىرىياللىرى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان. ئۆي ئىزلىرىنى قېلىن قۇم كۆمۈۋەتكەنلىكتىن، يەر يۈزىدە ئانچە كۆپ ماددى نەرسىلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

يۇقۇرىدىكى خارابە ئىزىنىڭ شەرقىدىن 400 مېتىر نېرىسىدا ئابيومى 230 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر جايدا ئىككى رەت سېلىنغان بەش ئېغىز ئۆي بار، ھەر بىر ئۆينىڭ چوڭلۇقى 25 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئۆينىڭ جەنۇبىي تەرىپى شاخ-شۇمبا بىلەن ئىھاتە قىلىپ چىتلانغان، ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلما ياغاچلىرى ئاساسەن ساقلىنىپ قالغان، ئەتراپىدا قۇرۇپ كەتكەن دەل - دەرەخلەر خېلى كۆپ. بۇ ئىزنىمۇ قېلىن قۇم كۆمۈپ تاشلىغان بولغاچقا ئۆينىڭ تام، ياغاچلىرىدىن باشقا ئۆينىڭ ئەكتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

4 - خارابە 3 - خارابىنىڭ شەرقىدىن 50 مېتىر چامىسىدا نېرىراقتا بولۇپ، بۇ جايدا تۆت ئېغىز ئۆي ئىزى بار. ئۆيلەرنىڭ جەنۇبىدا شەرقتىن غەرپكە قارىتىپ ئىھاتە قىلىنغان 20 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا چىت بولۇپ، چىتنىڭ سىرتىدا قۇرۇپ كەتكەن دەل - دەرەخلەرنىڭ كۆتەكلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بىز بۇ خارابىنىڭ شىمالىي پاسىلىدىكى بىر ئېغىز ئۆي ئىچىدىن بىر دانە پىلە غوزىسى ۋە مەشۈت تاپتۇق.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان خارابە ئىزلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھازىرقى نىيە دەرياسىنىڭ چوڭ قۇمغا قويۇلۇش ئېغىزىدىكى لاتقىدىن ھاسىل بولغان چوڭ - كىچىك دۆڭ - تۆپىلىك ۋە تەكشىلەر ئۈستىگە جايلاشقانلىقى ئېنىق. دەريا سۈيى كۆپ كەلگەندە دۆڭ ئەتراپلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۇ بېسىپ، چوڭ زەيكەشلىكنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا ئۆيلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسى ئەنە شۇنداق يەر يۈزىدىن ئېگىزرەك جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

لېكىن بوران ۋە قۇم ئاپىتىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا يۆتكىلىشى سەۋەبلىك دەريا ئېقىنىنى قۇم بېسىپ كېتىش بىلەن دەريا سۈيىنىڭ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يېيىلىپ ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بوران - قۇمنىڭ كۆچۈشى يالغۇز دەريا ئېقىنىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەتراپتىكى كۆپلىگەن ئۆيلەرنىمۇ تەدرىجى بېسىپ كەتكەن. شۇڭا بىز بۇ رايوندا تەكشۈرگەن بىر قانچە جايدىكى خارابىلاردىن باشقا، نۇرغۇن خارابە ئىزلىرى بار. بۇ خارابىلارنىڭ ۋەيران بولۇش دەرىجىسى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى پۈتۈنلەي قۇم ئاستىدا قالغان. بەزىلىرىنى بوران يالاپ ئۇچۇرۇپ تۈگەتكەن. شۇڭا ھازىر ئېنىق ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن باشقا شەھەرنىڭ ئېنىق دائىرىسىنى بىلىش تەس. ئېھتىمال بىز تەكشۈرگەن ئىزلار يەنە بىر قانچە يىللاردىن كېيىن قۇمغا كۆمۈلۈپ قالار، ياكى بىزگە چىلىقمىغان يېڭى ئىزلار ئېچىلىپ قالار. مانا بۇ — قۇم ئاستىدىكى بۇ خارابىنىڭ سىرى. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېنىقلىشىچە، مۇشۇ خارابىنىڭ شىمالىدىن 60 - 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا «ياغول» دەپ

ئاتىلىدىغان يەنە بىر خارابە ئىزىنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق. بۇ خارابە دەريا ئېقىنىنىڭ ئۇچەدىكى بۇ شۇ خارابىدىن مۇقاددەم ئىز بولۇشى مۇمكىن.

## 3

يۇقۇرىدىكى ئىزلارغا سېلىنغان ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىمارەتلەرگە ئىشلىتىلگەن زەگۋاندە، تۈۋرۈك، ئارىش تۈۋرۈك، خا (بالاۋېشى)، سىنجى (پارامان)، سوقۇما (تۈۋرۈك ئاستىغا قويۇلىدىغان دۈگىلەك ياغاچ) ۋە ئارىش تۈۋرۈك ئارىسىغا ئېلىنغان قوشامىلاردىن تەركىب تاپقان. ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، شۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ شۇ جاينىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان بىر قەدەر مۇكەممەل، پۇختا ئىمارەتچىلىك تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ جايدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى خۇددى ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە خوتەن ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاق ئۆي - ئىمارەتلىرىگە ئاھايىن ئوخشايدۇ. ئائىلىۋى قورالار ئەتراپى يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن چىتىلاپ قورۇق تام ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، قورۇق ئىچىگە مېۋىلىك دەرەخلەردىن شاپتۇل، ئۆرۈك، جىگدە، ياڭاق، ئۈزۈم، ئۈژمە قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلگەن. بۇ خىل مېۋىلەرنىڭ غوللىرى ھېلىمۇ قورۇق - قاخشال بولۇپ ياتماقتا. بىز بۇ ئىزلاردىن شاپتۇل، ئۆرۈك، جىگدە ئۇچكىسى، ياڭاق شاكىلى، ئۈزۈم ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى كۆپلەپ ئۇچراتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قۇرۇق ئىچىدىكى مال قوتانلىرىدىكى قىغ قاتلىمىدىن بۇغداي، ئارپا، تېرىق دانلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پاخاللىرىنى ئۇچراتتۇق، ئۇلاردا يەنە ئۆي ھايۋانلىرىدىن ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە قاتارلىقلارنىڭ سانسىز سۆڭەكلىرى تېپىلدى. يۇقۇرقىلاردىن بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە قول ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل يادىكارلىقلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزاق دەۋرلەردىكى يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

پىلە غوزىسى، مەشۈت، يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ تېپىلىشى بۇ رايوندا پىلە بېقىش، مەشۈت ئىشلەشنىڭ خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇتلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى بىر قەدەر يۇقۇرى سەۋىيىدىكى مۇرەككەپ توقۇش تېخنىكىسىنىڭ ئىختىرا قىلىنغانلىقى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

يۇقۇرىدىكى يادىكارلىقلاردىن باشقا يەنە ساپال ئەسۋاپلار، ياغاچ چۆچەك، تەگنە، شىرە (جوزا) قاتارلىق ئائىلە سايمانلىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن ياغاچ ئارا، ياغاچ گۈرجەك، ياغاچ توقماق قاتارلىقلار، زىننەت بۇيۇملىرىدىن ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى مارجان، ئۈزۈك، تاغاق - مۈزگۈچ، شۇنداقلا يەنە ئەينەك پارچىلىرى، تۆمۈر، مىس ئەسۋاپلار، مىس،

تۆمۈر ئوقيا ئۇچلىرى بار. بۇلۇڭپۇر ئەينى زامانىدىكى سودا - سېتىق، ئىقتىسادىي ئالاقە جەھەتتە ۋاستىلىق رول ئوينىغان يەرلىك مىس ياماقلار ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى (مىلادى 25 - يىلىدىن 220 - يىللار) غا ئائىت «بەش جۇلۇق مىس ياماق» مۇ تېپىلدى.

بۇ خارابە ھەققىدە يازما خاتىرىلەردىن «كېيىنكى خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە كېيىنكى خەن پادىشاسى گۇاڭۋۇ (مىلادى 25 - 57 - يىللار) زامانىسىدا شياۋۋەن (小宛) (ئەندىرە)، جىڭجۆ (نىيە)، جۈمو (چەرچەن، جۇجان) قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ شەنشەن (پىشامشان) دۆلىتى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. شۇڭلاشقا «خەننامە، غەربىي رايون تەزكىرىسى» (مىلادى 25 - يىلىدىن 226 - يىللار) «جىڭجۆ دۆلىتى نامىدا، دۆلەتنىڭ تۈتۈن سانى، نوپۇسى، ئەسكىرىي كۈچى خاتىرىلەنگەندىن باشقا جۇغراپىيىلىك ئورنى يەنى غەربىدىكى يۇمى (ھازىرقى كېرىيە ئەتراپى؟) گە 460 لى كېلىدۇ» دېيىلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا «ۋېي قىسقىچە تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» (مىلادى 220 - يىللاردىن 265 - يىللار) دە: «جەنۇبىي يولنىڭ (يىپەك يولىنىڭ) غەربىدىكى چەرچەن، شاۋۋەن، نىيە دۆلەتلىرى پىشامشانغا تەۋە» دەپ قەيت قىلىنغان.

ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى دۆڭلەك خەرىتىسىدە خوتەننىڭ شەرقىدە جىنجۆنىڭ ئورنىنى كۆرسەتكەن.

يۇقىرىدىكى يازما تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، «ئۆيلۈك خارابىسى» ھەققىدە مىلادى 1 - ئەسىردىن 12 - ئەسىرگىچە تارىخىي خاتىرىلەر بار. شەھەرنىڭ زادى قاچان خاراپلاشقانلىقى ھەققىدە ئېنىق تارىخىي مەنبە بولمىسىمۇ، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ خاتىرىسىنى ئاخىرقى خاتىرە دەپ ھېساپلىغاندا، 12 - ئەسىر ئەتراپىدا قەدىمىمۇ قۇرغاقچىلىق - بوران ئاپىتى تۈپەيلىدىن تاشلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ خارابىدىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار مىلادى 1 - ئەسىردىن 12 - ئەسىرلەرگە يەنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيە، مەدەنىي يادىكارلىق ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، نىيە خارابىسىنىڭ مول يادىكارلىقى قايتا تەپسىلىي، ئىنچىكە تەكشۈرۈلسىلا يەنىمۇ كۆپ مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلىشى تەبىئىي، بۇنىڭ بىلەن خوتەن رايونىنى ۋە نىيە قەدىمقى خارابىسىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى مول ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىلگۈسى.

# تۆمۈرلەر دەۋرىدىكى ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت

مۇھەممەت يۈسۈپ

چىڭگىزخان (1143—1227- يىللار) ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى قول ئاستىغا كىرگۈزگەن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىرقىسىم جايلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايخانغا بۆلۈپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ جايلاردىكى كۆپلىگەن شەھەر ۋە گۈزەل ۋادىلار، تېرىلغۇ يەرلەر خارابىلىققا ئايلاندى. ھەتتا سەمەرقەند، ئۈرگەنج قاتارلىق مەشھۇر تارىخى شەھەرلەرمۇ ۋەيران قىلىندى. چىڭگىزخان قوشۇنلىرى مەرۋى شەھرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇرغاپ دەرياسىدىن سۇ ئىچىدىغان سۇغۇرۇش سىستېمىلىرىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رايونلارنىڭ دىخانچىلىق ئىشلىرىمۇ زور دەرىجىدە ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. ئىلگىرىكى باغلار، بوستانلىقلار، يېشىل دالىلار چۆللۈكلەرگە ئايلاندى. سۇسىزلىقتىن تىرىكچىلىكتە ئامالسىز قالغان ئاھالە بۇ ئۆلكىنى تاشلاپ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

چاغاتاي سىستېمىسىدىكى توغلۇق تۆمۈرخان 1358- يىلى كورت خانلىرى سۇلالىسىغا مەنسۇپ بولغان ماۋرا ئۇننەھرىنىڭ ئەمىرى قازىخاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ماۋرا ئۇننەھرىدە بىر نەچچە چوڭ - كىچىك بەگلىك ۋە خانلىقلار ئارىسىدا تەپرىقىچىلىك تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

شەھرى سەبز ۋە ئۇنىڭ ۋىلايىتى ھاجى بارلاسقا، بەلخ شەھرى ۋە ئۇنىڭ ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسمى قازى خاننىڭ ئەمىر ھۈسەيىنگە قارايتتى. مۇشۇنداق پارچە فېئودالлىق ھاكىمىيەتچىلىك سەۋەبى بىلەن ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ئەھۋالى يىلدىن يىلغا يامانلاشتى. بۇ ھال پۈتكۈل ماۋرا ئۇننەھرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش خىيالىدا يۈرگەن توغلۇق تۆمۈرخان ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق شارائىت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن توغلۇق تۆمۈرخان كۈچلۈك قوشۇنى بىلەن ھېچبىر قارشىلىقسىزلا قەشقەر دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ كەلدى.

بۇ يەردىكى كۈچلۈك ھۆكۈمدار تۈمەن بېشى ھاجى بارلاس بەرداشلىق بېرەلمەي، خۇراسانغا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 25 ياشلىق كىچىك بىر ئەمەلدار ئاق-

ساق تۆمۈر (مۇڭغۇل تىلىدا تۆمۈرلەڭ دەپ ئاتىلىدۇ) دەرھال تۆمەن بېشىنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا كۈچلۈك بىر فېئوداللىق ھاكىمىيەت ۋە ئىمپېرىيىنىڭ تەشكىل قىلغۇچىسى ئاقساق تۆمۈر (1336—1405 - يىللار) ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈپ تەشكىل قىلغان سۇلالە تاكى 1370 - يىلدىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئەبۇسەئىد (1451—1469 - يىللار). زەھىرىددىن مۇھەممەت بابىر (1483—1507 - يىللار) قاتارلىقلارغىچە 137 يىل داۋام قىلغان.

تارىختا «جەڭگىلاي» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان قانلىق جەڭ توغلۇق تۆمۈرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، شۇ مەزگىلدىكى فېئودال بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان كۈچلۈك جەڭگى - جېدەللەر توغلۇق تۆمۈرنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

پۈتۈن چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ مىراسى مېنىڭ قول ئاستىمغا ئۆتۈشى كېرەك دەپ مەيدانغا چىققان تۆمۈر 1373 - يىلى خارەزىم شاھى ھۈسەيىن سوفىنىڭ يېڭى خارەزىمگە ئىگە بولدى. تۆمۈر 1388 - يىلى ئۈركەنچىنى ئىشغال قىلىپ، سوفىلار سۇلالىسىنى تۈگەتتى. نەتىجىدە يەتتە سۇ ۋە سىر دەريا ئېتەكلىرىدىن باشقا كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنى ئاساسەن تۆمۈر قولىغا ئۆتتى. 1391 - يىلى تۇران سۇلتانى تۆمۈر 2 يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قوندۇزچى دېگەن جايدا ئالتۇن ئوردا خانى توختامىش قوشۇنلىرىغا دۇچ كەلدى.

1395 - يىلى توختامىش ئاخىرقى قېتىم يېڭىلدى. تۆمۈر ئالتۇن ئوردىنىڭ پايتەختى بولغان ساراي بېركە شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ ئۇنى ۋەيران قىلدى، ئەسىرلەرنى قۇلغا ئايلاندۇردى.

تۆمۈر 1381 - يىلى كۇرتلار دۆلىتىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى بولغان ھېراتتا كۇرتلار سۇلالىسىدىن چىققان غىياسىددىن پىرئەلى ھۆكۈمدار ئىدى. بۇمۇ خەلقنى تۆمۈرگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندۇرالمىدى. تۆمۈر 1383 - يىلى ھېراتنى بېسىۋېلىپ، كورتلار سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. تۆمۈر 1386 - يىلدىن 1399 - يىللارغىچە 3 قېتىم ئىرانغا يۈرۈش قىلىپ پۈتۈن ئىراننى بويسۇندۇردى. 1386 - يىلى ئەزەربەيجاننى، 1392-1393 - يىللىرى ئەرمىنىيە بىلەن گرۇزىيەنى بويسۇندۇردى.

تۆمۈر 1398 - يىلىدا ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، 1399 - يىلى سۇلتان مەھمۇد دېھلىۋىنى يېڭىپ، ئۇنىڭ پايتەختى دېھلىينى ئىشغال قىلدى. تۆمۈر 1402 - يىلى، تۈركىيەنىڭ ئەنقەرە قېشىدا تۈرك سۇلتانى بايەزىد I ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. سۇلتان بەزىد ئەسىرگە ئېلىنىپ، ئوسمانلى پادىشالىقىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. تۆمۈر 1404 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 2 يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مىڭ سۇلالىسىغا يۈرۈش باشلىغان بولسىمۇ، 1405 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئوترار (فاراپ) دا ۋاپات بولدى. تۆمۈرلەر

ھاكىمىيىتىنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى داۋاملاشتۇردى. بىز بۇ ماقالىمىزدا مانا شۇ تارىخى دەۋرنىڭ ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئەھۋالى ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

× × ×

تۆمۈر شەرقتە ھىندىستاندىن غەربتە مىسىرغىچە بولغان جايلارنى بويسۇندۇرۇپ بۇ جايلاردىن يالغۇز قىممەت باھا نەرسىلەرنىلا ئەمەس، بەلكى شۇ چاغدىكى مۇتەخەسسىس، مەشھۇر رەسسام، ئارخىتېكتور، ئالىملار ۋە ئىقتىساسلىق ھۈنەرۋەن، قابىل كىشىلەرنى ئەسىر سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئىدى. بۇ، تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خېلى دەرىجىدە تەرەققى قىلىشىدىكى بىر ئوبيېكتىپ سەۋەپتۇر.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە يەرگە فېئوداللىق ئىگىدارچىلىقنىڭ كۈچىيىشى بىلەن سۇ قۇرۇلۇش سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. شۇڭا، بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇن يېڭى شەھەرلەر بارلىققا كەلدى. ئوتتۇرا دېڭىز ئەللىرى ئىران، ھىندىستان مەركىزى ئاسىيا ھەم شەرقى ياۋروپا ئەللىرى بىلەن ئىقتىسادى ۋە مەدەنى ئالاقىلار كېڭەيدى. فېئوداللىق ئىقتىساتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەدرىجى ھالدا تەرەققى قىلىشى ئاساسىدا پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت-سەنئەتمۇ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرق مەدەنىيەت تارىخىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئۇلۇغبەككە ئوخشاش مەرىپەتپەرۋەر ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلۇغبەك 15-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىدا چوڭ رول ئوينىدى. ئاقساق تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى (شاخ روخ مىرزىنىڭ ئوغلى) ئۇلۇغبەك 1409-يىلىدا تۆمۈرىلەر تەختى ۋارىسى سۈپىتىدە سەمەرقەنتتە تەختكە ئولتۇرغاندا بۇ خېلى ئاۋات شەھەر ئىدى. ئاقساق تۆمۈرنىڭ تەخت مىراسى ئۈچۈن بولغان كۈرەش، توپىلاڭلار سەۋەۋىدىن شەھەر قۇرۇلۇشىغا بىر ئاز تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاقساق تۆمۈردىن ئۇلۇغبەككە پەقەت ئاجايىپ چوڭ شەھەرلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ماددى بايلىقلار، ئالىملار، تۈرلۈك كەسىپتىكى ھۈنەرۋەنلەر، رەسساملار، بىناكارلىق ئۇستىلىرىمۇ مىراس قالغان ئىدى.

ئۇلۇغبەكنىڭ تۆھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇ ناھايىتى چوڭ تېررىتورىيەدە ئىلمىي-مەدەنىي ئىشلارنى تەشكىل قىلدى ۋە شۇنىڭدەك ئۆزى مەشھۇر ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازدى، تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنت ئۇلۇغبەك دەۋرىدە تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى. يېڭى بىنالار، يىرىك ئارخىتېكتورلىق قەسىر-سارايلار مەسىلەن: «شاھى زىندى»، «گۆرى ئەمىر» قەبرىستانى قاتارلىق زىننەتلىك قۇرۇلۇشلار، نۇرغۇن مەسچىت، خانىقالار قۇرۇلدى. بىناكارلىق ۋە رەسساملىق سەنئىتى راۋاجلاندى.

ئۇلۇغبەك دەۋرىدە شەيخۇل ئىسلام مەنسىۋىدە ھېسامىددىن ناملىق كىشى بولۇپ، ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىياغا ناھايىتى مەشھۇر بولغان «ھىدايە» ناملىق «دىنىي قانۇن» ئەسەر ئاپ-

تۆرىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. بۇ خېلى مەلۇماتلىق كىشى بولۇپ، ئۇلۇغبېكنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن ئىدى.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە بۇخارادا نەقشىبەندىلەرنىڭ سوفىزىم تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. سوفىزىم گەرچە ئەكسىيەتچىل خاراكتېرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك تەبىقىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەر خىل ئېقىملىرى ۋە بۇ ئېقىمنىڭ شۇنداق مۇخلىسلىرىمۇ بار ئىدىكى، ئۇلار تەركى دۇنياچىلىق ئېتىقادىنىڭ تامامەن ئەكسىچە ئىنساننىڭ يەر يۈزىدىكى ھايات لەززەتلىرىگە بولغان ئىشىق - مۇھەببىتىنى رەت قىلمايتتى. سوفىزىمنىڭ بۇ تىپى ئەركىنلىكنى سۆيۈش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، شەھەر ئاھالىسى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىدى؛ دەۋرنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى كۆپىنچە ئەنە شۇلار بىلەن قوشۇلۇپ كېتەتتى.

سوفىزىمنىڭ بۇ تىپى 14 - ئەسىردە خوراساندا چىڭگىزىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تۈگىتىش ۋە بۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىي ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوفىزىمنىڭ بۇ تىپى — ئىسلام دىنىنىڭ رەسمىي ئىدېئولوگىيە ھامىيلىرىدىن بولغان ھاكىم بەگ فېئودال ئۆلىمالار تەبىقىسىگە قارشى نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ، ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال ھاكىمىيىتىگە ۋە مۇسۇلمان ئورتودوكسىيەسىگە (دىنغا سادىقلار) غا نىسبەتەن كۆپ قېتىم ئوپپوزىتسىيە (ئۆكتىچىلىك) نى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋى زېمىن بولۇپ خىزمەت قىلغان ئىدى.

سوفىزىمنىڭ مەشھۇر نەقشىبەندىيە گۇرۇھىغا ئەڭ چوڭ فېئوداللار قاتارىدا ئۇبەيدۇللا خوجا ئەھرارى باشچىلىق قىلاتتى. ھۆكۈمران مۇسۇلمان روھانىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك روھانىيدىكىلەر سوفىزىم بىلەن قولنى - قولغا تۇتاشتۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىغا ھەر تەرەپلىمە توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئۇلار ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە دۇنياۋى ئىلمىي ئاساستا بىلىشكە قارشى تۇراتتى.

بولۇپمۇ نەقشىبەندىلەرنىڭ مۇخلىسلىرىدىن بولغان دەرۋىش - شەيخلەر خەلققە مېھرى-مۇھەببەت ئىزھار قىلىش نىقاۋىنى كىيىۋېلىپ خەلقنى تەركى - دۇنياچىلىققا چاقىرىپ، يالغۇز مەدەنىيەتكە ۋە دۇنياۋى پەنلەرگە (ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، تارىخ پەنلىرى) گە نەپرەت كۆزى بىلەنلا ئەمەس، ھەتتا كىتاپ ئوقۇش بىلەن بولىدىغان دىنىي «پەنلەر» گىمۇ ئېتىۋار بەرمەسلىككە دەۋەت قىلاتتى.

ئۇلۇغبېك مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردىلا بۇخارادا بارلىق مەدەنىي ۋە ئىلمىي يېڭىلىقلارنى ياقتۇرمايدىغان ئەكسىيەتچىلەر، ئۆكتىچىلەر مەيدانغا چىقتى. شۇنىڭدەك سەمەرقەندىنىڭ ئۆزىدىمۇ ھۆكۈمدار ئالىمنىڭ ئىلمىي يېڭىلىقلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈشنى ئۆزى ئۈچۈن پەرز دەپ بىلىدىغان مەلۇم دائىرىلەر ھەم شەخسلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلۇغبېك زامانىدا بۇخارادا مۇھەممەت پارسا، سەمەرقەندتە ھەسەن ئەتتار،

بەدەخشاندا ياقۇپ چەرخى قاتارلىق ئەڭ چوڭ شەيخلەر بار ئىدى.

ھەسەن ئەتتار بىلەن ياقۇپ چەرخى دەرۋىشلىك ناھايەندىلىرىنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققانلىرى بولۇپ، ئۇ، ئۇبەيدۇللا خوجا ئەھرارنىڭ ئۇستازلىرى ھېساپلىناتتى. ئۇلۇغبەك ئۆلگەندىن كېيىن ھەمدە ئەبۇ سەئىد (1451—1469) بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەخمەت (1469—1494) ھۆكۈمدارلىق قىلغان يىللاردا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سەمەرقەنتنىڭ مەدەنى ھاياتىدا ئۇبەيدۇللا خوجا ئەھرار ئىنتايىن يامان رول ئوينىدى، دىنى خۇراپاتچىلار ئۆزىنىڭ رەزىل مۇددىئالىرىغا يېتىپ ئىلغار ئەرباپلارنىڭ ئىجادىي ئىشلىرىغا زور كۈچ بىلەن توسقۇنلۇق قىلدى ۋە ئاخىرى روھانىلار ئۇلۇغبەكنى پاجىئەلىك رەۋىشتە ئۆلتۈرگۈزگەندىن كېيىن ھاۋىرا ئونىنەھرىدە ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قىلدى.

ئۇلۇغبەك ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكىنى پۇختا ئۆگىنىش ئۈچۈن بۇخارا، سەمەرقەند ۋە گىژدۇۋاندا ئۈچ مەدرىس قۇرۇشنى بۇيرىغان. بۇخارا مەدرىسى 1417-يىلى ياسالغان بولۇپ، ئۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئىشىكلىرىگە «بىلىمگە ئىنتىلىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ، ئەر ۋە خوتۇن-قىزلارنىڭ بۇرچىدۇر» دەپ نەقىش بىلەن ئويۇپ يېزىلغان. بۇخارا ۋە سەمەرقەند مەدرىسلىرى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە شەرقنىڭ ئەڭ ياخشى بىنالىرى بولۇپ، بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ مەدرىسلەردە «ئۆز زامانىسىنىڭ ئەپلاتونى» دەپ ئاتالغان قازى زادە رۇمى ئاسترونومىيەدىن دەرس بەرگەن.

بىراق، بۇ مەدرىسلەردە ئاساسەن دۇنياۋى بىلىملەر ئوقۇلاتتى دەپ ئېيتىشقىمۇ بولمايتتى. سەمەرقەند مەدرىسى قۇرۇلۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلۇغبەكنىڭ بۇيرۇغىغا ئاساسەن مەشھۇر ئوبسېرۋاتورىيە① ئەپراسىياپ شەھرىنىڭ شىمالىدىكى نەقشى جاھان دېگەن جايدا ياسىلىشقا باشلاپ، 1428—1429-يىللىرى پۈتكەن. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ساددا ئەسۋاپلار ياردىمىدە يۇلتۇزلار ھەركىتىنى بىر قەدەر ئېنىق كۆزىتىش ئۇسۇلىنى تاپقان بولسىمۇ، ئومۇمى كوسموگرافىك دۇنيا قاراش تېخى تۆۋەن باسقۇچتا ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئالىملارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىچە توققۇز قەۋەت ئاسمان ۋە تىرققۇز ئاسمان سىفىراسى بولۇپ، بۇلار گرادۇس، مىنۇت، سېكونت ۋە دەقىقىلەرگە بۆلۈنگەن. يەر شارى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىچە: «يەتتە ئىقلىم» غا بۆلۈنگەن.

بابورنىڭ ئېيتىشىچە: بۇ ئوبسېرۋاتورىيە ئۈچ قەۋەتلىك چوڭ بىنادىن ئىبارەت بولۇپ، ئوبسېرۋاتورىيەدە ئۇلۇغبەك بىلەن بىللە ئىشلىگەن ئاسترونوملاردىن بىرى ئېلى قۇشچى ئوبسېرۋاتورىيە ئاساسى قىسمىنىڭ فىغىرى ئورنىنى يۇقىرىغا (ئىگىزگە) چىقارغان. بۇنىڭ رادىئۇسى 40 مېتىردىن ئارتۇق بولغان.

ئابدۇرازاق سەمەرقاننىڭ ئېيتىشىچە: ئوبسېرۋاتورىيەنىڭ ئۆزىدىكى تاملارغا كائىناتقا

① ئوبسېرۋاتورىيە - رەسەتخانا

يەنى توققۇز ئاسمان ۋە توققۇز ئاسمان سفېراسى ۋە باشقىلارغا خاس بولغان ئەشۇ زاماندىكى ئاساسى چۈشەنچىلەر تەسۋىرى سىزىلمىغان.

بۇ ھەقتە بابۇر: «مىرزا ئۇلۇغبەكنىڭ ئوبسېرۋاتورىيەسى ھازىرقى ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيادا قوللىنىلىشى مۇمكىن بولغان «گورگونا ئاستىرونومىيەسى جەدۋىلى» نى تۈزۈشكە خىزمەت قىلدى» دەپ يازغان ئىدى.

ئۇلۇغبەكنىڭ 1447 - يىلى تۈزگەن ئاستىرونومىيە جەدۋىلى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ب.گ. غۇپۇروپ: «تاجىك خەلقىنىڭ تارىخى» دىگەن ئەسىرىدە: 15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلۇغبەك تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئاستىرونومىيە جەدۋىلى تاجىك تىلىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، كېيىنىرەك پۈتۈن مۇسۇلمان شەرقىدە، ئومۇمى ئىلمىي تىل بولغان غەرپنىڭ لاتىن تىلىدا تۈزۈلگەن دىگەن.

مۇشۇ دەۋردە شەرقتە ياكى غەرپتە بولسۇن، دىنى خۇراپات، پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالغاچقا، ئۇلۇغبەك ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىلمىي پائالىيىتىدە ئەنە شۇ مۇسۇلمان مۇتەئەسسىپ گۇرۇھىغا داۋاملىق قارشى تۇرۇپ كەلدى. نەتىجىدە ئۇبەيدۇللا خوجا ئەھرار باشچىلىقىدىكى سوفىلار گۇرۇھى ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللەتىپنى قولغا كەلتۈرۈپ 1449 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مەشھۇر ئالىم ئۇلۇغبەكنى ئۆلتۈرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن قالماستىن خوجا ئەھرارى باشچىلىقىدىكى تەرىقەتچىلەر گۇرۇھى ئىلغار ئىدىيىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئۇلۇغبەك مەكتىۋىنى ۋە ئۇنىڭ ئوبسېرۋاتورىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئىلغار ئىدىيە بىلەن ئەكسىيەتچىل ئىدىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلدى.

× × ×

ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش داۋام قىلىۋاتقان بىر شارائىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئەلىشىر ناۋايى مەيدانغا چىقتى.

ئەلىشىر ناۋايى 1441 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خوراساننىڭ مەركىزى ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن كىچىك شۇ دەۋردىكى خوراسان ھۆكۈمدارى ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئۇيغۇر - ئەرەپ تىلى بويىچە كاتىپلىرىدىن بىرى ئىدى. كېيىن ئۇ خوراسانغا قاراشلىق سەبزۋار شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولغان. ناۋايىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاساسەن ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن بولۇپ ئاتىسى ۋە تاغىلىرىغىچە ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيەتتى. ناۋايى ياش چېغىدىن تارتىپلا ئىلىم - مەرىپەتكە بېرىلىپ، يوكنەكى، نىزامى، لۇتپى، سەككاكى، خارەزمى، جامى، پەرىددىن ئەتتار، قاسىم ئەنۋارى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىۋالاتتى ۋە كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرەتتى. لېكىن ناۋايىنىڭ ئائىلىسى شاھزادىلارنىڭ ئىچكى قانلىق ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە 1449 - يىلى ئىراقنىڭ تەپتە شەھىرىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ كۈنلەردە، شۇ زاماننىڭ ئۇلۇغ ئالىمى شەرىپىددىن ئېلى يەزدى مۇشۇ شەھەردە بولۇپ، ياش

ئەلىشىر ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ ئىلىم ئۆگەنىدى. ئىچكى ئۇرۇشلار مەلۇم مەزگىل پەسەي-
يىپ، خوراسان خېلىلا تىنجىپ قالغان ۋاقىتتا، ئەلىشىر ئائىلىسى ھىراتقا قايتىپ كېلىپ،
ئاتىسى ئوبۇلقاسىم بابۇر سارىيىغا خىزمەتكە كىردى. 1457 - يىلى بابۇر ۋاپات بولۇپ
ئۇزۇن ئۆتمەي تەختكە چىققان ئەبۇسەئىد مىرزىغا قارشى بەدەخشان خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى
كۆتۈرۈلدى. ناۋائىي بۇ قوزغىلاڭغا نىسبەتەن خەيرىخالىق قىلغىنى ۋە ئەبۇسەئىدنىڭ دۈش-
مىنى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن (تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى) كىچىكىدىن تارتىپ ساۋاقداشلىق مۇنا-
سىۋىتى بولغىنى ئۈچۈن، ئەبۇ سەئىد قاتتىق ئاچچىقلىنىپ ناۋائىينى ھىراتتىن سۈرگۈن قىل-
دى. ئۇ، سەمەرقەنتتە، ئېغىر تۇرمۇش شارائىتىدا مەشھۇر ئالىم، قانۇنشۇناس ھاجى پەز-
لۇللا ئەبۇلله سېيىستىن ھوقۇق ئىلمىدىن دەرس ئالدى. 1469 - يىلى 3 - ئايدا ناۋائىي-
نىڭ دوستى ھۈسەيىن بايقارا ھىراتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ناۋائىينى ئۇ سارايدا، باشتا
مۆھۈردارلىق، كېيىنرەك ئەمىرلىك ۋەزىپىدە قويدى. 1472 - يىلى 4 - ئايدا ناۋائىي سۇل-
تان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلەندى. ناۋائىي 1476—1477 - يىللى-
رى سارايدىكى پىتنە - ئىغۋالارغا قارشى نارازىلىق دوپىتىدە ۋەزىرلىكتىن ئىستېپا بېرىپ،
11 يىلغىچە دۆلەت ئىشلىرىغا رەسمىي ئارىلاشماي ئىلىم ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن
شۇغۇللاندى.

بۇ دەۋردە ناۋائىي مەشھۇر «تۇھپە تۇل - ئەفكار»، «خەمسە» نى، 1483 - يىلى
«ھەيرەتۇل ئەبرار» («ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىغى») بىلەن «فەرھاد ۋە شېرىن»
داستانىنى يازدى. 1484 - يىلى «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئى سەييار» («يەتتە
پلانېت»)، «سەددى ئىسكەندەر» ، («ئىسكەندەر سېپىلى») داستانلىرىنى يازدى. 1487 -
يىلى ناۋائىينى ئاستىرابادقا (خوراسان كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىغىدىكى شەھەر) ۋالى
قىلىپ تەيىنلەش نىقابى بىلەن ھىراتتىن سۈرگۈن قىلدى. 1488 - يىل ئاخىرىدا ھۆكۈ-
مەت خىزمىتىدىن پۈتۈنلەي ئىستېپا بېرىپ، ھىراتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىلمىي ئەدە-
بىي ئىجادىيەتنى داۋام قىلدۇردى. مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋائىي 1501 - يىلى 1 -
ئاينىڭ 3 - كۈنى، 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ناۋائىي فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىنى خەلق ئارىسىغا ئېلىپ كىرگەن
ۋە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەشھۇر ئۆتمۈشلىرىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرى ۋە ئىدىيىلىرىنى ئىجادىي
رەۋىشتە قايتىدىن ئىشلەپچىققان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان ئۇلۇغ شائىر. ناۋائىينىڭ «چاھار
دىۋان»، «خەمسە»، «مەھبۇبۇل قولۇپ»، «مۇھاكىمە تۇل لۇغاتەيىن» ۋە باشقا نۇر-
غۇن بەدىئىي ئەسەرلىرى جاھان مەدەنىيىتى غەزىنىسىگە قوشۇلغان بىباھا ھەسسە ۋە ئوتتۇرا
ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىغا كىرگەن ئاجايىپ يادىكارلىق!

ناۋائىي 15 - ئەسىر فېئودالىق ئوتتۇرا ئاسىياسى ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىلغار
تەرەققىيپەرۋەر ئىجتىمائىي پىكىرنىڭ ئالدىنقى رىتىدە تۇرغان ئىدى.

ئەلىشىر ناۋائىي ئۆزىدىن بۇرۇنقى سوفىلاردىن پەرقلىق ھالدا، تەبىئەتنى سۆيەتتى ۋە

بۇ غەزنىنى ئۆگىنىش، كىشىنى بەختلىك قىلىدۇ، دەپ ئېتىقات قىلاتتى. شۇڭا ئۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتەتتى. بۇ ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىدە كەڭ ئەكس ئەتتۈرەتتى.

ئەمما، ناۋايى تارىختا ئىدىئالىستىك نۇقتىئىنەزەردىن قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەتلىرىنىڭ مەركىزىدە «ئادىل شاھ» غايىسى چاقناپ تۇراتتى. شائىر، دۆلەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىگە قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇ «ئادىل شاھ» باشلىقچىلىقىدا بىرلەشكەن كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن دەۋەت قىلاتتى. ناۋايى ئۆز ئەسەرلىرىدە، جۈملىدىن «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدا ھالاللىق، ئادالەت، ئىلىم - ئىدرەك ۋە ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنى يۈكسەك بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق كۆيلىگەن. ئادالەتسىزلىكنى، يالغانچىلىقنى، پىتنە - پاسات ۋە مۇناپىقلىقنى قاتتىق قارىلىغان. بۇ ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە ئوتتۇرا ئەسىر گۇمانىزمىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتتى.

خوراساندا تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى بولغان نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى (1414—1492) بولۇپ، ئۇ، ئۆز زامانىسىنىڭ بۈيۈك شائىرلا ئەمەس، بەلكى گىراماتىكا، لوگىكا، گىرىك ۋە شەرق پەلسەپىسى، تەبىئەت، ماتېماتىكا، ئاستىرونومىيەگە ئوخشاش پەنلەردىمۇ خەۋەردار كىشى ئىدى. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جامى پەن ۋە ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلىرى يۈزىسىدىن 100 گە يېقىن كىتاپ يازغان. بۇلار ئارىسىدا تاجىك ئەدەبىياتى ۋە باشقا ئەدەبىياتلارنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بارلىق بەدىئىي ژانىرلارنىڭ ئىشلەپچىقىلىشى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

جامىنىڭ ئىجادى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى گۇمانىزىم (ئىنسانپەرۋەرلىك) ئىدىيىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان. بۇ ئەسەرلەردە جامى ئۆز زامانىسىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر شائىرى سۈپىتىدە، فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى مەيداندا تۇرۇش بىلەن بىللە سوفىزىمنىڭ دىنىي پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىدىنمۇ خېلى ئورۇن ئالىدۇ. جامىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ھەممىگە مەشھۇر ئەسىرى «ھەفت ئەۋرەڭ» بولۇپ، ئۇ، يەتتە داستاندىن ئىبارەت. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋە باشقا خوشنا ئەللەرنىڭ خەلقلىرى جامىنى ئىلغار ئىدىيىلىرى ئۈچۈن چوڭقۇر ھۆرمەتلەيدۇ.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ناۋايى، جامى قاتارلىق شائىرلار بىلەن بىر ئەسىردە مەشھۇر ئەزەربەيجان شائىرى فۇزۇلى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. فۇزۇلى 16 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بىلەن گۇمانىزىم (ئىنسانپەرۋەرلىك) نى تەرغىپ قىلدى ۋە فېئوداللىزىمنى شەپقەتسىز ھالدا تەنقىت قىلدى.

فۇزۇلى ئۆلمەس داستانى «لەيلى ۋە مەجنۇن» نى يازدى ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈردى. ئۇ، تۆمۈرىلەر يېقىن شەرققە ئىستىلا قىلىپ كىرگەن دەۋردە ياشىدى. شائىر

ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىنى كۆيلەش بىلەن بىر قاتاردا، تۆمۈرىلەرنىڭ ھىندىستان، شىرۋان، ئىران، ئىراق، شام، خوراساندا خەلققە قىلغان زۇلمىنى قاتتىق ئەيىپلىدى. فۇزۇلى يالغۇز بەدىئىي - ئەدەبىيات بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن بەلكى ئاستىرونومىيە، پەلسەپە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا پەنلىرى بىلەنمۇ ئۇتۇقلۇق ھالدا شۇغۇللاندى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى زامانىمىزغىچە ئەزەربەيجان، ئەرەپ، پارس ۋە تۈرك، ئۇيغۇر تىللىرىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۆتكەن خوندامىر، مىرخۋاند، ھاپىزى ئەبرۇ، ئابدۇرازاق سەمەرقەندىگە ئوخشاش بۈيۈك تارىخچىلارمۇ، تۆمۈرىلەر دەۋرىنىڭ تارىخىنى ئەتراپلىق يازغان ئىدى.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر نەققاش رەسساملاردىن كامالىددىن بىھزادنىمۇ ئەسلەپ ئۆتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ كىشى تەسۋىرى سەنئەتنىڭ ئۇستىسى بولۇپ، سىزغان رەسىملىرىنىڭ نەپىسلىكى، يارقىن رەڭگى جەھەتتىن شەرق تەسۋىرى سەنئىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن كامالىددىن بىھزادنى شەرق رافائېلى① دەپ ئاتاشلىرى تەسادىپى ئەمەس.

بىھزادنىڭ ئىجادىيەتلىرى خىلمۇ - خىل سىيوژىتلارغا ئىگە بولۇشى بىلەنمۇ پەرق قىلىدۇ. ئۇ، ئاجايىپ سۈرەتلەر يەنى ئەلىشىر ناۋايى، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا، تۆمۈرى ۋە شەيبانىخانغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ۋە فېئوداللار ھۆكۈمدارلارنىڭ سارايىدىكى قوبۇل مۇراسىملىرى مەنزىرىسىدىن باشقا، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن يارىتىلغان مەنزىرىلەرنى مەسىلەن: سەمەرقەندىكى تۆمۈر مەسچىت جامى قۇرۇلۇشىنى ئىپادىلىگەن تەسۋىرى سەنئەت رەسىملىرىمۇ ئاجايىپ قىممەتكە ئىگە. بۇ تەسۋىرى سەنئەتنىڭ قىممىتى پەقەت رەسىمنىڭ ماھىرلىق بىلەن ئىشلىنىشىدە ئەمەس، بەلكى رەسسامنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش جەريانلىرىنى پۈختا تەسىرلىك قىلىپ بېرەلىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەركىسىزلىككە ئاساسلانغان مېھنەتنى ھەققانى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئىگە بولغانلىقىدا.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە مۇزىكىچىلىقمۇ ئالاھىدە تەرەققى قىلدى. مۇزىكىچىلار ئارىسىدا قۇل مۇھەممەت ئالاھىدە نام چىقارغان سازەندە ئىدى. ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئۆزىمۇ ھىرات دەۋرىنىڭ مەشھۇر مۇزىكاشۇناسى. خوجا يۇسۇپ بۇرھانىددىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە قىزىقىپ ئۆتكۈر مۇزىكىچى بولغان ۋە خېلى زور كومپوزىتورلۇق نەزەرىيەسىنى ئىگەللىگەن شۇنىڭدەك، پىر سەئىد ئەھمەت نەققاشلىقتا ۋە رەسساملىقتا، خوجا غىياسىددىن نەققاشلىقتا خېلىلا مەشھۇر.

مۇندىن باشقا، ئەرمىنىيەدىكى مەشھۇر پەيلاسوپ ئىئوئان ۋوروت نىتسى (1315 -

① رافائېل (1475 - 1464) ئىتالىيەنىڭ فلورونسىيەلىك مەشھۇر رەسسامى.

1388). گىرىگورى تاتەۋاتىس (1340—1411) قاتارلىقلار تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى پەيلاسوپلاردىن بولۇپ، تارىخقا نىسبەتەن ئىدىيالىستىك كۆز قاراشتا ئىدى.

تۆمۈرىلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ياشىغان ئىرانلىق مەشھۇر پەيلاسوپى سەدرە شىيرازى ئۆزىنىڭ ئىقىل ھەققىدىكى تۆت توملۇق كىتاۋى ئىلغار دىئالېكتىك كۆز قاراشلىرى بىلەن خېلىلا مەشھۇر.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ھىندىستاندا ئىلىم - پەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدا زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. ھەتتا فېئودالىزمغا قارشى كۆرەشتە «بىخاكتى» تەشكىلاتى ئارقىلىق كىشىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «ئاللا ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دىگەن دىنى شۇئار بىلەن فېئودالىزمغا قارشى كۆرەشكە سەپەرۋەر قىلىندى. مۇشۇ دەۋردە ھىندىستاننىڭ تالانتلىق شائىرى كابىرا (1380—1418) ۋە «بىخاكتى» ھەركىتىنىڭ مەشھۇر ئىدىيالوگى، ئاتاقلىق شائىر تۇلسى داس (1532—1624) مەيدانغا چىقتى. ئۇ 1575-يىلى دۇنياغا مەشھۇر بولغان «رامايانا» داستانىنى يازدى.

دىمەك، شەرقتە دېھلىنى، غەرپتە قاھىرەنى، شىمالدا ۋولگا دەرياسى بويىدىكى ئالتۇن ئوردا يۇرتىنى، ساراي بېركە شەھىرىنى، جەنۇپتا باغدات، ئىسپاھان، شىراز شەھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆمۈرىلەر ئىمپىرىيىسى دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئىتى قاتارلىقلار زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا يۈكسەك ئورۇن ئىگەللىگەن ئىدى.

تۆمۈرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەت پائالىيىتىنىڭ ئىجابى تەرەپلىرىنى ئىنكار قىلىشقا بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا ئۇ، جاھان تارىخىغا ئەڭ شەپقەتسىز ئىستىلاچىلاردىن بىرى سۈپىتىدە ئەبەدى كىرىپ قالدى.

بۇ ھەقتە ماركس گېتى (1749—1832) نىڭ «زۇلەيخا» ناملىق شېئىرىدىن تۆۋەندىكى كوپلىتنى خىتاپ قىلىدۇ:

ئەگەر ئازاپ شاتلىق ئاچقۇچى بولسا،
ئۇنىڭغا قارشى كۆرەشتىمۇ بەندىسى ؟
ئەخىر ھىساپسىز كۆپ تىرىك جانلارنى،
يانچىمىدىمۇ تۆمۈرلەڭ پەنجىسى ؟

(ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلەر 1 - توم 517 - بەت).

# يەنە «كېلىش» كاتېگورىيىسى توغرىسىدا

غاپپار مەھەممەت

يولداش خەمت تۆمۈر «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 83 - يىللىق 1 - سانىدا «يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا بىر ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ شۇ ژورنالنىڭ 80 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 4 سىنتېتىك كېلىش ۋە 4 ئانالىتىك كېلىش توغرىسىدىكى ئۇقتىنەزەرلىرىنى قۇۋۋەتلەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مېنىڭ شۇ ژورنالنىڭ 81 - يىل 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالەمدىكى پىكىرلىرىمگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى ۋە بۇ ھەقتە مەن بىلەن مۇزاكىرىلەشمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

تىلىمىزدا «كېلىش» دەپ ئاتالغان بۇ گىراماتىكىلىق ھادىسە بەزى تىللاردا بار، بەزى تىللاردا يوق، بەزى تىللاردا ئاز بەزى تىللاردا كۆپ. لېكىن بۇ ھال، شۇ تىللار ئۈچۈن ئېيتقاندا پەرقسىز. چۈنكى، تىل ئۆزىدە قانداق كېلىشنىڭ - بار يوقلۇقىغا، ئاز - كۆپلىكىگە ۋە بۇ كېلىشلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ سىنتېتىك كېلىش ۋە بەزىلىرىنىڭ ئانالىتىك كېلىش بولۇش - بولماسلىقىغا قارىماستىن، ئۆزىنىڭ ئىنسانلار ئارا ئالاقە ۋاستىلىق رولىنى كەم كۈتىسىز ئۆتەۋېرىدۇ. ئالايلۇق، خەنزۇ تىلىدا بىزنىڭ تىلىمىزدىكى كېلىش كاتېگورىيىسىگە دائىر ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان «的» (ئىگىلىك كېلىش مەنىسىدە)، «把» (چۈشۈم كېلىش مەنىسىدە)، «对، 给، 向» (يۆنىلىش كېلىش مەنىسىدە) «从» (چىقىش كېلىش مەنىسىدە)، «在» (ئورۇن كېلىش مەنىسىدە) لەرگە ئوخشاش بىر قىسىم ئامىللار بولسىمۇ، بۇلار خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىدا «كېلىش» دەپ ئاتالمايدۇ. لېكىن بۇ ھال، خەنزۇ تىلىنىڭ ئالاقە ۋاستىلىق رولىغا ھەم ئۇ تىلنىڭ تەرەققىياتىغا ھېچبىر دەخلى يەتكۈزمەيدۇ. ئەمدى ئۇيغۇر تىلىدىن مىسال ئالىدىغان بولساق، تىلىمىزدىكى كېلىش كاتېگورىيىسى تەركىۋىنىڭ بۇ چاغقىچە 14 بولماي 6 بولۇشى، شۇنداقلا يولداش خەمت تەرىپىدىن «كېلىش» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئامىللار تىلىمىزدا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ، گەرچە ئۇلار «كېلىش» دەپ ئاتالمىغان بولسىمۇ، بۇ ۋەجىدىن تىلىمىزنىڭ ئالاقە ۋاستىلىق رولىغا ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ تىلدىن بىمالال پايدىلىنىشىغا ھېچبىر تەسىر يەتمىگەنلىكى ھەمە-

ىڭگە ئايان. «دىكى، تىكى، دەك - تەك، چە (چىلىك). غىچە - قىچە، گىچە - كىچە، بىلەن، ئۈچۈن، ئارقىلىق، توغرىلۇق (توغرىسىدا، ھەققىدە)» دېگەنلەرنى كېلىش دېسەكمۇ - دېمىسەكمۇ، ئۇلار تىلىمىزدا بەربىر بۇرۇنقىدەكلا مەۋجۇت بولۇپ، ئىلگىرى تىلىمىزدا قانداق رول ئوينىغان بولسا، ھېلىمۇ شۇنداق رول ئويناۋېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا ئاداق كېلىش - مۇنداق كېلىش دەپ ناملارنى قويۇشى ئۇلارنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى، تىلىدىكى ئەمەلىي رولى ھەم ۋەزىپىسىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ ۋە ئۆزگەرتىۋېتەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭچە، تىل تەتقىقات خىزمىتىمۇ مۇنداق ئۆزگەرتىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ ھەم ئالالمايدۇ. جۈملىدىن تىل تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى تىل ۋە تىل ھادىسىلىرىنى ئۇلارنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئەينەن توغرى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ۋە تىل تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش شەرتى ئاستىدا، تىلىمىزنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

يېڭى 8 كېلىش نوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، بەزى يولداشلار: «ئوقۇغۇچىلار 6 كېلىشنى ئۆگىنىپ بولالمايۋاتسا، كېلىشلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟» دېسە، يەنە بەزى يولداشلار: «كېلىشلەرنى تەرەققىي قىلدۇرمامدۇق، شۇ بۇرۇنقى 6 كېلىشتە تۇرىۋېرەمدۇق؟» دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ قاراشلار ئىلمىلىكى بولمىغان يۈزە قاراشلاردۇر. مەلۇمكى، تىل ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي ھادىسە، ئۇنىڭ بارلىق قائىدە قانۇنلىرى ھەم شۇنداق. شۇڭا، كېلىش كاتېگورىيىسى مەسىلىسىدە كېلىشلەرنىڭ سانىنى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىپ بولۇش - بولالماسلىقىغا قاراپ، خالىغانچە كۆپەيتىپ قويۇش، ئازايتىپ قويۇش ياكى 6 بىلەنلا چەكلەپ قويۇش مەسىلىسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى تىلىمىزدا قانچە كېلىش مەۋجۇت ئىكەن، شۇنچە كېلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ۋە ئۇنى ئۆگىنىشكە بولىدىكى، كېلىش ئەمەس تىل ھادىسىلىرىنى كېلىش قاتارىغا قوشۇۋېلىشقىمۇ، شۇنداقلا ھەقىقەتەن كېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە تىل ھادىسىلىرىنى كېلىش قاتارىدىن چەتكە قېقىشقىمۇ بولمايدۇ.

ھازىر كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدىكى مەسىلىسىدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا زادى قانچە كېلىش بار دېگەن مەسىلە يەنىلا مۇھىم مەسىلە بولماقتا. مېنىڭچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا زادى قانچە كېلىش بارلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تىلىمىزدا زادى قانداق گىرامماتىكىلىق ھادىسىنىڭ كېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرماي تۇرۇپ، تىلىمىزدا زادى قانچە كېلىش بارلىقى توغرىسىدا بىر پىكىرگە كەلگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا بىزگە كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئۆلچەملىك تەبىر كېرەك. ھازىر دەرسلىك قوللانمىلىرىدا كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا بىر قەدەر توغرا تەبىر ۋە ئىزاھاتلار

بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ يېتىشسىز تەرەپلىرىمۇ بار. شۇنداقلا، كىشىلەرنىڭ بۇ تەبىر توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە قاراشلىرىمۇ بىر خىل ئەمەس. بەزى تەبىرلەر ئىگىلىك كېلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، بەزى تەبىرلەردە كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىسى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن. مەلۇمكى بۇ پەرقلەر كېلىش توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنىڭ ئىنكاسىدۇر. شۇنداقلا كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان تالاش - تارتىشلارنىڭ سەۋەبچىسىدۇر.

1. مەسىلە: قانداق گىراماتىكىلىق ھادىسە كېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؟

يولداش خەمىت ئۆز ماقالىسىدا، مېنىڭ ماقالەمدىن تۆۋەندىكى بىر ئابزاسنى كۆرسىتىپ شۇنداق دەيدۇ: «يولداش غاپپار: كېلىش قوشۇمچىلىرى سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش بىلەن ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ياردەمچى سۆزلەر بولسا، سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ»، دەيدۇ. قىزىق گەپ! «سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش» بىلەن، «سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش» بىرلا ئۇقۇم ئەمەسمۇ؟» (شۇ ژورنالنىڭ 83 - يىل 1 - سان 85 - بېتىدە).

راست، كېلىش قوشۇمچىلىرى ھەقىقەتەن جۈملىدە سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينىش بىلەن بىرگە ئىسىملارنىڭ ياكى ئىسىم خاراكتېرىنى ئالغان ياكى ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھال كېلىشلەرنى ھەر قانداق سۆز تۈرلىگۈچى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن ۋە ھەر قانداق ياردەمچى سۆزلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، دەل كېلىشلەرنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان تۈپ خۇسۇسىيەتتۇر. ئاما يولداش خەمىتنىڭ يېڭى كېلىشلىرىدە مۇنداق خۇسۇسىيەت يوق،

ماۋۇمۇ راست، ياردەمچى سۆزلەر جۈملىدە سۆزلەرنى، جۈملىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ ھال، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تۈپ خۇسۇسىيىتى. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى بەزى ھاللاردا كېلىشلەر بىلەن ئالمىشىپ كېلەلەيدىغان بولسىمۇ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ كېلىش بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىمايدۇ، بەلكى ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ياردەمچى سۆز دېگەن نامىغا يارىشا رول ئويناۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

مېنىڭ قارىشىمچە، گىراماتىكىدا «سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش» بىلەن «سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش» دېگەن ئىككى ئىبارە بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان، بىر - بىرى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇ-

قويدۇر. يولداش خەممەت بولسا، بۇ ئىككى ئۇقۇمنى بىر ئۇقۇم دەپ قارايدۇ. كېلىش ئەمەس تىل ھادىسىلىرىنىڭ كېلىش* كاتېگورىيىسىگە تارتىپ كىرگۈزۈلىشىمۇ ئەنە شۇ خىل كېلىشتىن كېلىپ چىققان. ئەگەر بۇ ئىككى ئۇقۇم بىر ئۇقۇم دەپ قارىلىدىكەن، ئۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىدۇ: بىرىنچىدىن، جۈملىدە سۆزلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى كېلىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھۆكۈم شۇنداق ئىكەن، ئىسىملارنىڭ ئەنئەنىۋى 6 كېلىشتىن باشقا تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرىنى ۋە باشقا تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى كېلىش دەپ ھېساپلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزى ئۇلانغان سۆزنى باشقا سۆزلەر بىلەن باغلايدىغان خۇسۇسىيەت بار. مەسىلەن: «رۇستەمنىڭ ئاكىسى كەتتى» دىسەك، بۇ ئاددى جۈملىدە ئىككى ئىسىم ۋە بىر پېئىل بار؛ يەنە ئىككى كېلىش ۋە ئىككى تۈرلىگۈچى قوشۇمچە بار، يەنە شۇ جۈملىدە بىر باش كېلىش، يەنە بىرى ئىگىلىك كېلىش، ئىسىملارنىڭ بىر شەخس قوشۇمچىسى، پېئىللارنىڭ بىر زامان ھەم شەخس قوشۇمچىسى بار. ئەگەر شۇ جۈملىدىكى «رۇستەمنىڭ» دىگەن سۆزدىن «نىڭ» قوشۇمچىسىنى ئېلىۋەتسەك، «رۇستەم» دىگەن سۆز «ئاكىسى» دىگەن سۆز بىلەن باغلىنالمايدۇ، شۇنداق «ئاكىسى» دىگەن سۆزدىن «سى». دىن ئىبارەت III شەخس قوشۇمچىسىنى ئېلىۋەتسەك «ئاكا» سۆزى «رۇستەمنىڭ» دىگەن سۆز بىلەن باغلىنالمايدۇ. مەلۇمكى «نىڭ» ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى، «سى» بولسا، ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىسى بولۇپ، بۇ سۆزلەرنى باغلاش رولىنى ئوينىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېچقانداق كېلىش ھېساپلانمايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاشلا «كېلىش» دەۋېلىشقا بولمايدۇ. لېكىن شۇنداقلا بولۇشىغا قارىماي يولداش خەممەت نىمە ئۈچۈندۇر «سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش» بىلەن «سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش» دىگەن ئىككى ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرىۋېتىپ، نەتىجىدە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن باشقا تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ چەك - چېگرىسىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ كېلىش قوشۇمچىلىرىنى باشقا خىلدىكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، يولداش خەممەتنىڭ يۇقۇرىقىدەك كېلىش نۇقتىئىنەزىرى بويىچە، تىلىمىزدىكى «ئۆگىنىش بىلەن ئىشلەش، ئىشلەش بىلەن ئۆگىنىش ئىنسان ھاياتىنىڭ جېنىدۇر. بۇ ئىشنى قىلغان يا توختى ياكى قادىر. ئەمەت بىلەن مەممەت تېخى كەلمىدى. بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز» دىگەن جۈملىلەردىكى «بىلەن، يا، ياكى، ئۈچۈن» گە ئوخشاش ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى كېلىش بولۇپ ھېساپلىنىشقا تېگىشلىك. لېكىن يولداش خەممەت بۇ يەردە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ - دە، ياردەمچى سۆزلەردىن «بىلەن، ئۈچۈن» دىگەن ئىككى باغلىغۇچى سۆزنى، ئىلگىرى رەۋىش ھېساپلىنىپ كەلگەن سۆزلەردىن «ئارقىلىق، توغرىلۇق (توغرىسىدا، ھەققىدە)» دىگەنلەرنى (ھازىر بۇ سۆزلەر ئارقا ياردەمچى دەپ ئاتال-

ماقتا) كېلىش كاتېگورىيىسىگە قوبۇل قىلىندۇ. قالغان ياردەمچى سۆزلەر بولسا، كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىش ئۈچۈن «تەييارلىق» باسقۇچىدا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ توغرىدا يولداش خەمتىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بىشارەت بېرىپ تۇرىدۇ: «مەن شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، مېنىڭ ماقالەمدە 4 ئانالىتىك كېلىش كۆرسىتىلگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئانالىتىك كېلىشلەر بۇ 4 خىل بىلەن چەكلەنمەسلىكى مۇمكىن. ئۇنىڭ زادى قانچە بولۇشى ئىسمىنىڭ نۆل كېلىش شەكلى بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان ئارقا ياردەمچىلەرنىڭ قانچە بولۇشىغا باغلىق.» (شۇ ژۇرنالنىڭ 83 - يىل 1- سان 88- بېتىدە).

يولداش خەمتىنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى مەسىلىسىگە، يالغۇزلا سۆز بىلەن سۆزنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش نوقتىسىدىنلا قارشى ئاخىر نەتىجىدە تىلىمىزدىكى كېلىش كاتېگورىيىسى بىلەن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ چەك - چېگرىسىنىمۇ بۇزۇپ، كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ تەركىبىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقىچە بېرىپ يەتكەن. يېڭى 8 كېلىش بولسا، ئەنە شۇ خىل كېلىش نوقتىئىنەزىرىنىڭ دەسلەپكى مەسۇلى.

تىل ئەمەلىيىتىدىن مەلۇمكى، تىلىمىزدا سۆز بىلەن سۆزنى، ئېنىغراق قىلىپ ئېيتقاندا جۈملىدە ئىسىملار بىلەن ئىسىملارنى، ئىسىم خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ياكى ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۆزلەرنى ئۆز ئارا ياكى باشقا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە سۆزلەر بىلەن ياكى بىر خىل سۆز تۈركۈملىرىگە مەنسۇپ سۆزلەرنى ئىسىملار بىلەن باغلايدىغان لېكسىكلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئامىللار، شەكىللەر خېلىلا نۇرغۇن. ھەتتا سۆزلەرنىڭ مەنىسى، گىراماتىكىلىق خاراكتېرى، گىراماتىكىلىق مەنىسى، مورفولوگىك شەكلى ۋە سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ئورنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى باغلىنىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغان ئامىللاردۇر. مەسىلەن: «ئىشچان ئادەمدىن ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېسەك، بۇ جۈملىدىن تولۇق بىر ئوي - پىكىر بىلىنىدۇ. ئەگەر شۇ جۈملىدىكى سۆزلەردىن قايسى بىر قوشۇمچىنى ئېلىۋەتسەك ياكى شۇ جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى قالايمىقان ئالماشتۇرۇۋەتسەك، سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى بىر - بىرى بىلەن بولغان ھەر جەھەتتىكى باغلىنىشى بۇزۇلىدۇ - دە، جۈملە ساغلام بىر ئوي - پىكىرنى بىلدۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كېلىش كاتېگورىيىسىگە يولداش خەمتىنىڭ يۇقۇرقىدەك 2 ئۇقۇمنى بىر ئۇقۇم دەپ قارايدىغان «مۇناسىۋەت» نوقتىئىنەزىرى بويىچە قارايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا جۈملىدە سۆزلەرنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان يۇقۇرقىدەك ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى كېلىش كاتېگورىيىسىگە ئېلىپ كىرىشكە توغرى كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش تىل ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ھەم ئۇنداق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

مەن يولداش خەمتىنىڭ كېلىش توغرىسىدىكى نوقتىئىنەزىرىنىڭ ئەكسىچە، تىلىمىزدا، جۈملىدە ئومۇمەن سۆزلەر بىلەن سۆزلەرنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئامىللارنىڭ ئىچىدە، جۈملىدە پەقەت ئىسىملارنىڭ ياكى ئىسىم خاراكتېرىدە ياكى ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئۆز ئارا ياكى باشقا سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ سۆزلەر بىلەن بولغان باغلىنىش

مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ كۆرسىتىدىغان گىراماتىكىلىق ئامىللارنىلا كېلىش بولالايدۇ، دەپ قارايمەن. تىل ئەمەلىيىتىدىن مەلۇمكى، جۈملىدە سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش ۋەزىپىسى يالغۇز كېلىش كاتېگورىيىسىگىلا خاس ۋەزىپە بولماستىن، بەلكى ھەممە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ۋە ياردەمچى سۆزلەرگىمۇ ۋە باشقا ئامىللارغىمۇ ئورتاق ۋەزىپە. لېكىن جۈملىدە ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ كۆرسىتىپ بېرىش پەقەت كېلىش كاتېگورىيىسىگىلا خاس ۋەزىپىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسىم دېگەن نۇقتىدىن ئىسىم خاراكتېرىدە ياكى ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشمۇ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدۇر. بۇلار ماھىيەتتە كېلىش كاتېگورىيىسىنى جۈملىدە سۆزلەرنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان، لېكىن ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلىيەلمەيدىغان تۈرلۈك گىراماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئامىللاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان توپ ئالامەتتۇر. يۇقۇرقى پىكىرىمىزنى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، تىلىمىزدىكى بارلىق سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار، ياردەمچى سۆزلەر جۈملىدە سۆزلەر بىلەن سۆزلەرنى باغلاشتىن ئىبارەت بىرلا ۋەزىپىنى ئۆتىسە، كېلىش كاتېگورىيىسى جۈملىدە سۆزلەرنى باغلاش ھەم شۇ ئۆز ئارا باغلانغان سۆزلەرنىڭ ئىچىدە ئىسىملارنىڭ ھەم ئىسىم خاراكتېرىدە ياكى ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ.

جۈملىدە ئىسىملار (ھەم ئىسىم خاراكتېرىدە ياكى ئىسىم ئورنىدا كەلگەن باشقا سۆزلەر) نىڭ ئۆز ئارا ياكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسىملار (ھەم ئىسىم خاراكتېرىدە ياكى ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۆزلەر) نىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان گىراماتىكىلىق ئامىللار - شەكىللەر كېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى كېلىشلەر ئارقىلىق بەلگىلىنىدىغان بولسا، تىلىمىزدىكى ئىسىمدىن ئۆزگە سۆز تۈركۈملىرىنىڭ (سان، سۈپەت، رەۋىش ئالماش ۋە پېئىل قاتارلىقلارنىڭ) جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى قانداق بەلگىلىنىدۇ ۋە قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟

تىلىمىزدا سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان 2 خىل ئامىل بار: بۇنىڭ بىرى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى، يەنى ئەنئەنىۋى 6 كېلىش. ئىككىنچى بىرى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گىراماتىكىلىق خاراكتېرى تەرىپىدىن ئوبيېكتىپ يوسۇندا بەلگىلەنگەن سىنتاكسىسلىق ئورنىدۇر. بۇ ئىسىملاردىن ئۆزگە سۆز تۈركۈملىرىگە خاس ئورۇندۇر.

ئىسىملار ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گىراماتىكىلىق خاراكتېرىگە ئاساسەن

6 خىل گىرامماتىكىلىق شەكىلى بويىچە جۈملىدە ئىگە، ئىگىلىك ئېنىقلىغۇچى، چۈشۈم تولدۇرغۇچى، چىقىش تولدۇرغۇچى، يۆنىلىش تولدۇرغۇچى ۋە ئورۇن - پەيت تولدۇرغۇچىلىق ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ئورنى، ۋەزىپىسى كېلىش شەكىللىرى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن سان، سۈپەت، رەۋىش، ئالماش ۋە پېئىل قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى ھېچقانداق كېلىش قوشۇمچىسىغا مۇھتاج بولمايلا جۈملىدىكى مۇئەييەن ئورنى ئارقىلىق ئىپادىلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

1. كۆپ - كۆك ئاسماندا كىچىككىنە پارچە بۇلۇتمۇ يوق ئىدى.
2. ئەمگەكچان بوۋامنىڭ قىزىق ھېكايىلىرى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.
3. بىز بىر سىنىپتا 32 ئوقۇغۇچى ئوقۇيمىز.
4. قادىر 84 - يىللىق 4 - سىنىپتا ئوقۇيدۇ.

يۇقۇرقى جۈملىلەردە ئاستىغا سىزىق تارتىلغان سۆزلەر سۈپەت ۋە سانلاردىن بولۇپ، ئۇلار ھېچقانداق كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنمەيلا شۇ جۈملىلەردە سۈپەت ئېنىقلىغۇچى ۋە سان ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش «بۇ ئادەم ياخشى ئادەم، ئاۋۇ ئىش ئەتە تۈگەيدۇ، مەن ئۇنداق گەپنى ئۇلا ئاڭلىغان، شۇنچە ئىشنى ئۇ يالغۇز قىلىپ تۈگەتتىمۇ» دېگەن جۈملىلەردىكى ئاستىغا سىزىق تارتىلغان ئالماشلارمۇ ھېچبىر كېلىش قوشۇمچىسىز ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن. ئەنە شۇنداق سىنتاكسىسلىق ئورۇندا كەلگەن ھەر قانداق سۆز كېلىش قوشۇمچىسىغا مۇھتاج بولمايلا سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەۋېرىدۇ.

ئەمدى رەۋىش ۋە پېئىللارنىڭ جۈملىدە قانداق سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىغىنى كۆرۈپ باقايلى. مەسىلەن: ئايرۇپىلان پەس ئۇچتى.

بۇيرىغىڭىزغا ئاسانلا كەلدىم.

ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى.

شۇ جۈملىلەردە ئاستىغا بىر سىزىق سىزىلغان سۆزلەر رەۋىش، 2 سىزىق سىزىلغان سۆزلەر پېئىل بولۇپ، رەۋىشلەر پېئىللارنىڭ ئالدىدا پېئىللارغا باغلىنىپ، جۈملىنىڭ ھالەت بۆلىگى بولۇشتىن ئىبارەت سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىنى ئۆتىگەن. رەۋىشلەرنىڭ شۇنداق ئورۇندا ھالەت بولۇپ كېلىشىنىمۇ ھېچقانداق كېلىش قوشۇمچىسى بەلگىلىمىگەن، جۈملىدىن تىلىمىزدا شۇنداق ئورۇندا كېلىپ ھەركەتنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى ئېنىقلىغان ھەر قانداق سۆز جۈملىنىڭ ھالەت بۆلىگى بولىۋېرىدۇ.

ئەمدى پېئىللارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ئورنى ھەم ۋەزىپىسىگە كېلىدىغان بولساق، بۇ خېلىلا مۇرەككەپ. پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گىرامماتىكىلىق خاراكتېرىدىن باشقا، يەنە بىر نەچچە خىل مورفولوگىيىلىك شەكىلگە ئىگە. بۇ مورفولوگىيىلىك

شەكىللەر يەنە بەلگىلىك گىرامماتىكىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، پېئىل تۈرلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. پېئىل تۈرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئىسىم خاراكتېرىگە (ھەرىكەت ناملىرى)، بەزىلىرى سۈپەت خاراكتېرىگە (سۈپەتداشلار)، بەزىلىرى رەۋىش خاراكتېرىگە (رەۋىشداشلار) ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پېئىللارنىڭ كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىسىدە كۆپ ئۆزگىرىش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ گىرامماتىكىلىق خاراكتېرىدە خېلىلا كۆپ ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پېئىللار جۈملىدە ھەر خىل سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. يەنى پېئىل تۈرلىرى قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بولسا، شۇ سۆز تۈركۈمىنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەۋېرىدۇ. لېكىن پېئىللار ئادەتتە ئىگىنى بايان قىلىپ خەۋەر بولۇشتىن ئىبارەت سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ. يۇقۇرىدا ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىلغان پېئىللار ئەنە شۇ جۈملىلەرنىڭ خەۋىرىدۇر. پېئىللار مۇنداق خەۋەر بولۇش ئۈچۈنمۇ ھېچقانداق كېلىش قوشۇمچىسىغا مۇھتاج ئەمەس. پېئىللارنىڭ جۈملىدە بۇنداق سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتىشىمۇ، ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گىرامماتىكىلىق خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

دېمەك، تىلىمىزدا ئىسىمدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ جۈملىدە تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق بىلەن ۋەزىپىلەرنى ئۆتىشى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ئارقىلىق بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جۈملىدىكى مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق ئورنى ئارقىلىقلا بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئوبيېكتلىرى بىلەن كېلىش قوشۇمچىسىز باغلىنىۋېرىدۇ. بۇنداق باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئامىلىنى كېلىش دەۋالغىلى بولمايدۇ.

ئەمما بۇ يەردە شۇنى ئەسكە ئېلىش كېرەككى، ئىسىمدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىكى سۆزلەر جۈملىدە ئىسىملارغا خاس سىنتاكسىسلىق ئورۇنىدا كېلىدىكەن، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى چوقۇم ئىسىملارنىڭ 6 كېلىش شەكلى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن. ئىككى سەككىز — ئون ئالتە. ئاقىلغان — كۆرگەننى يېگىپتۇ. ئۇ ياماندىن قورقمايدىغان، يوۋاشنى بوزەك ئەتمەيدىغان يىگىت ئىدى. بۇ ئالمىلارنىڭ قىزىلى بەك ياخشى ئىكەن، قىزىلىنى تالالاپ ئالايلى، شۇ مىساللاردا ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەر سان، سۈپەت ۋە سۈپەت پېئىلى قاتارلىقلاردىن بولۇپ، ئۇلار شۇ جۈملىلەردە ئىسىم ئورنىدا ئېلىپ ئىگە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىشى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز: باشقا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە سۆزلەر ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغاندا، ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەننىڭ ئەكسىچە، ئىسىملار جۈملىدە باشقا سۆز تۈركۈمىگە خاس سىنتاكسىسلىق ئورۇندا كېلىدىغان، ئۇ ھالدا شۇ ئىسىملارنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى كېلىش كاتېگورىيىسى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى قايسى سۆز تۈركۈمىگە خاس سىنتاكسىسلىق ئورۇندا كەلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى شۇ سۆز تۈركۈمىگە خاس سىنتاكسىسلىق

ئورۇن تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ چاغدا، شۇ ئورۇندا كەلگەن ئىسىملار ھېچقانداق كېلىش قوشۇمچىسىغا مۇھتاج بولمايلا سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەۋېرىدۇ. مەسىلەن: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار قوشۇنى»، دېسەك، بۇ جۈملىدىكى «قوشۇنى» دېگەن ئىسىم شۇ جۈملىنىڭ خەۋىرى. مانا بۇنىڭ خەۋەر بولۇشى ھېچقانداق كېلىش تەرىپىدىن بەلگىلەنمىگەن، بەلكى «رۇستەم ئوقۇۋاتىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «ئوقۇۋاتىدۇ» دېگەن پېئىلغا خاس بولغان سىنتاكسىسلىق ئورۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئەگەر بۇ ئەھۋالنى ئېتىراپ قىلماي، ئىسىمنىڭ خەۋەر بولۇشى باش كېلىش تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن دېيىلىدىكەن، ئۇ چاغدا، پېئىللارنىڭ جۈملىدە شۇنداق خەۋەر بولۇپ كېلىشىنىمۇ باش كېلىش بەلگىلىگەن دەپ ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، تىلىمىزدىكى بارلىق سۆز تۈركۈملىرىنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان گىراماتىكىلىق ئامىل ئىككى. ئۇنىڭ بىرى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى، بۇ تىلىمىزدىكى ئەنئەنىۋى 6 كېلىشنىڭ دەل ئۆزىدۇر. يەنە بىرى ئىسىمدىن ئۆزگە سۆز تۈركۈملىرىنىڭ جۈملىدىكى مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق ئورنىدۇر. جۈملىدە بۇ ئورۇندا كەلگەن سۆزلەر ھېچقانداق كېلىش كاتېگورىيىسىگە مۇھتاج ئەمەس، يۇقۇرقى ئىككى خىل ئامىلنىڭ ئالدىنقى بىرى مۇقىم كېلىش شەكلى بىلەن، كېيىنكى بىرى كېلىش قوشۇمچىسىز شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇلارنى بىر - بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتسەك بولمايدۇ. يولداش خەمىت تۆمۈرنىڭ كېلىش توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئەنە شۇ ئىككى خىل ئامىلنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن كېلىش ئەمەس تىل ھادىسىلىرىنى كېلىش كاتېگورىيىسى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە يول باغلىغان.

II مەسىلە: يولداش خەمىتنىڭ سىنتېتىك كېلىشلىرى توغرىسىدا «دىكى، تىكى، دەك، تەك، چە (چىلىك)، غىچە - قىچە، گىچە كىچە» قاتارلىقلار كېلىش قوشۇمچىسىمۇ؟

يولداش خەمىت تۆۋەندىكىدەك 4 مىسالنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق 4 خىل قوشۇمچىسىنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

1. قادىردىكى لوغەتنى ئېلىپ كەل.
2. قادىردەك ئوقۇغۇچىلار بىزدە ئاز ئەمەس.
3. قادىرچىلىك بىر بالا كەلدى.
4. بۇ خەۋەر قادىرغىچە يېتىپ بېرىپتۇ.

ئاندىن كېيىن شۇ مىساللىرىنى ئىزاھلاپ، «قادىر» دېگەن ئىسىم شۇ 4 خىل قوشۇمچە بىلەن تۈرلىنىش ئارقىلىق بىرىنچى جۈملىدە ئورۇن ئېنىقلىغۇچى، ئىككىنچى جۈملىدە ئوخشاتما ئېنىقلىغۇچى، ئۈچىنچى جۈملىدە تەڭلەشتۈرمە ئېنىقلىغۇچى، تۆتىنچى جۈملىدە چەك تولدۇرغۇچى ۋەزىپىلىرىدە كەلگەن ۋە «قادىر» دېگەن ئىسىمنىڭ شۇنداق ۋەزىپىلەردە كېلىشىنى ئەشۇ 4 خىل قوشۇمچە بەلگىلىگەن. بۇ قوشۇمچىلار ئەنئەنىۋى 6 كېلىشتىكى «نىڭ، نى، غا، دىن، دا» قاتارلىقلارغا تامامەن ئوخشايدۇ، دەيدۇ. خوپ، ئانداق بولسا، مەنمۇ 4 جۈملە مىسال كەلتۈرەي، سېلىشتۇرۇپ باقايلى:

1. مەن غۇلجىلىق ئاغىنەم بىلەن كۆرۈشتۇم.
2. يىغىندا ئىقتىسادىي مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.
3. رۇستەم كەچكى يىغىنغا قاتناشمىدى.
4. بىز غەلبىسىرى ئىلگىرلەيمىز.

يولداش خەمىت كۆرسەتكەن 4 مىسالدىكى „قادىردىكى، قادىردەك، قادىرچىلىك، قادىرغىچە“ دېگەن ئىسىملار ئۆزىگە ئۇلانغان قوشۇمچىلار ئارقىلىق ئۆزىدىن كېيىنكى سۆزلەرگە باغلىنىپ، ئالدىنقى ئۈچى ئېنىقلىغۇچى، كېيىنكى بىرى چەك تولدۇرغۇچى بولغان بولسا، مېنىڭ كۆرسەتكەن 4 مىسالىمدىكى غۇلجىلىق، ئىقتىسادىي، كەچكى، غەلبىسىرى „دېگەن سۆزلەرمۇ ئۆزلىرىگە ئۇلانغان قوشۇمچىلار ئارقىلىق ئۆزىدىن كېيىنكى سۆزلەرگە باغلىنىپ، ئالدىنقى ئۈچى ئېنىقلىغۇچى (جاي ئېنىقلىغۇچى، خاراكتېر ئېنىقلىغۇچى، ۋاقىت ئېنىقلىغۇچى، كېيىنكى بىرى هالەت بولۇپ كەلگەن. ئۇلار ئۆزلىرى باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەر بىلەن باغلىنىش ئۇسۇلى، باغلىنىش ئورنى، باغلىنىش شەكلى جەهەتتىن يولداش خەمىت كۆرسەتكەن 4 مىسالدىكى ئەھۋال بىلەن تامامەن ئوخشاش يانداش باغلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولغان. مەلۇمكى يولداش خەمىت كۆرسەتكەن مىساللاردىكى „قادىر“ دېگەن سۆزدىن „دىكى، دەك، چە (چىلىك)، غىچە“ قوشۇمچىلىرىنى ئېلىۋەتسەك، „قادىر“ دېگەن سۆز شۇ جۈملىلەردە ئېنىقلىغۇچى ۋە چەك تولدۇرغۇچى بولالمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك مەن كۆرسەتكەن 4 مىسالدىكى „غۇلجىلىق، كەچكى، ئىقتىسادىي، غەلبىسىرى“ دېگەن سۆزلەردىن „لىق، يى، كى، سىرى“ قوشۇمچىلىرىنى ئېلىۋەتسەك „غۇلجا، ئىقتىسات كەچ، غەلبە“ دېگەن سۆزلەرمۇ ئېنىقلىغۇچى ۋە هالەت بولالمايدۇ. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، „دىكى، دەك، چە (چىلىك)، غىچە“ لەر سىنتېتىك كېلىش هېساپلانغان يەردە „لىق، يى، كى، سىرى“ قاتارلىق قوشۇمچىلارنىمۇ سىنتېتىك كېلىش قاتارىغا قوشۇپ قويساق بولامدۇ؟

كېسىپلا ئېيتىشقا بولىدىكى، ئۇنداق قىلساق ئىش ئەپلەشمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى يۇقۇرقى مىساللاردا كۆرسىتىلگەن قوشۇمچىلار ئەنئەنىۋى 6 كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاشمايدۇ. بىز بۇنى تۆۋەندە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى:

بىرىنچى ئوخشىماسلىق:

مەلۇمكى ئەنئەنىۋى كېلىشلەردىن ئىگىلىك كېلىش بىلەن كەلگەن ئىسىم جۈملىنىڭ ئىگىلىك ئېنىقلىغۇچى بۆلىكى بولىدۇ. بۇ خىل ئېنىقلىغۇچى ئۆز ئېنىقلانغۇچىسى بىلەن شەخسلەرنىڭ تۈرى ۋە سانى جەھەتتىن ئۆز ئارا ماسلىشىپ، چىرماش باغلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. مەسىلەن: باغنىڭ گۈللىرى ئېچىلدى، دېسەك، „باغنىڭ“ دېگەن ئىسىم III شەخس ئورنىدا بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئېنىقلانغۇچىسى „گۈللىرى“ دېگەن ئىسىمنىڭمۇ ئىسىملارنىڭ III شەخس قوشۇمچىسى „ى“ بىلەن تۈرلىنىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن يېڭى سىنتېتىك كېلىشلەرنىڭ ھېچبىرىدە مۇنداق خۇسۇسىيەت يوق. يولداش خەمىتنىڭ يېڭى سىنتېتىك كې-

لىشلىرى 6 كېلىشنىڭ بىرى بولغان ئەگىلىك كېلىشكىمۇ ئوخشىمايدۇ.

يەنە ئالايلۇق، تىلىمىزدىكى چۈشۈم كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن، پەيت كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ئەڭ ئاساسلىقى پېئىللارغا باغلىنىپ پېئىللار بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. يەنى پېئىللار ئۇلار باشقۇرىدۇ. مەسىلەن:

مەن جۇ رومانىنى ئوقۇدۇم.

مەن ئۈرۈمچىگە بارىمەن.

مەن ئۈرۈمچىدىن كەلدىم.

مەن ئۈرۈمچىدە تۇردۇم.

مانا شۇ جۈملىلەرنىڭ بىرىنچىسىدە «ئوقۇدۇم» دېگەن پېئىلنىڭ تەلىۋى بويىچە «رومان» دېگەن ئىسىم چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» بىلەن، ئىككىنچى جۈملىدە، «بارىمەن» دېگەن پېئىلنىڭ تەلىۋى بويىچە «ئۈرۈمچى» دېگەن ئىسىم يۆنىلىش قوشۇمچىسى «گە» بىلەن، ئۈچىنچى جۈملىدە «كەلدىم» دېگەن پېئىلنىڭ تەلىۋى بويىچە «ئۈرۈمچى» دېگەن ئىسىم چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى "دىن" بىلەن، تۆتىنچى جۈملىدە "تۇردۇم" دېگەن پېئىلنىڭ تەلىۋى بويىچە "ئۈرۈمچى" دېگەن ئىسىم ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى "دە" بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن، مەلۇمكى، بۇ 4 خىل كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىش ئورنى جەھەتتىن ئىسىملارغا خاس بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىسىملارغا خالىغانچە ئۇلىنىۋەرمەيدۇ. بەلكى جۈملىدىكى ھەرىكەتنى ئىپادىلىگۈچى سۆز تۈركۈمىدىن ئىبارەت بولغان پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن، يەنى پېئىللار مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن لوگىك ئۇقۇمىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئۇلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوشۇمچىلار ئۇلانغان ئىسىملار جۈملىدىكى پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ قوبۇللىغۇچىسىنى ياكى ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىش نىشانىسىنى ياكى ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى ۋە ياكى ھەرىكەتنىڭ ئورۇن - ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن يېڭى سىنتېتىك كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئۆز ئوبيېكتلىرى بىلەن باغلىنىشىدا ئۇنداق خۇسۇسىيەت يوق، شۇڭا، ئۇلار تىلىمىزدىكى 4 خىل كېلىشكە تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇنداق بولسا "دىكى، تىكى، دەك - تەك، چە (چىلىك)، غىچە - قىچە، گىچە" قاتارلىق قوشۇمچىلار قانداق قوشۇمچە؟ ئۇ تىلىمىزدا قانداق رول ئوينايدۇ؟

مەسىلە ناھايىتى چۈشىنىشلىك. ئۇ قوشۇمچىلار تىلىمىزدا خۇددى سۈپەت ۋە رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئوخشاش ئەسلىدە سۈپەت ۋە رەۋىش بولمىغان سۆزلەرگە ئۇلىنىپ سۈپەت ياكى رەۋىش ياسايدۇ، ياكى سۈپەت ۋە رەۋىش بولمىغان سۆزلەرگە سۈپەت ياكى رەۋىش خاراكتېرىنى بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئورنى كېلىش قوشۇمچىلىرى قاتارىدا ئەمەس، بەلكى سۈپەت ياكى رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قاتارىدا.

ئىككىنچى ئوخشاشماسلىق:

ئەنئەنىۋى 6 كېلىشتە، جۈملىدە بىر سۆزگە پەقەت بىرلا كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلى-

نىپ كېلىپ، ئۇ سۆزنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئەكسىنچە جۈملىدە بىر سۆزگە بىرلا ۋاقىتتا 2 - 3 كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئەھۋال ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ: بەزى يولداشلار "مېنىڭدە، سېنىڭدىن. ئۇنىڭغا، شۇنىڭغا" دېگەنگە ئوخشاش مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق، بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى كېلىشتىمۇ بىر سۆزگە بىرلا ۋاقىتتا 2 كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئەھۋال بارغۇ، دەيدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ يەردىكى "نىڭ" بەزى سۆزلەرگە ئارتۇقچە ئۇلىنىپ قالغان، ئىككىنچىدىن، بۇ سۆزلەردىكى "نىڭ" قوشۇمچىسىدا ئىگىلىك كېلىش مەنىسى يوق، ئۈچىنچىدىن، كېلىش كاتېگورىيىسى ئالدى بىلەن ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى "ئۇ، بۇ، شۇ" دېگەنگە ئوخشاش بىرنەچچە ئالماشنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ئەمەس. شۇڭا يۇقۇرقى مىساللار بىز مۇزاكىرە قىلىۋاتقان مەسىلىدە ئەمەلى تىل پاكىتى بولۇش لاياقىتىگە ئىگە ئەمەس. چۈنكى بىز شۇ ئالماشلار ئالماشقان ئەسلى ئىسىملارغا "قادىرنىڭدىن، ئۆيىمگە" دېگەنگە ئوخشاش ئىككى كېلىش قوشۇمچىسىنى ئۇلىشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

لېكىن يولداش خەمىتنىڭ سىنتېتىك كېلىشلىرى جۈملىدە بىر ئىسىمغا بىرلا ۋاقىتتا قوشۇلۇپ ئۇلىنىپ كەلسىمۇ يەنە كېلىش بولىۋېرەمىش. مەسىلەن: بىز يىل بۇغداي مەھسۇلاتى ئۆتكەن يىلدىكىدەك ئوبدان. بولدى. بۇ يەردە بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن، شۇ ئىككى كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قايسىبىرى شۇ "يىل" دېگەن ئىسىمنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسەتكەن بولىدۇ؟ بۇنى جۈملىنىڭ قانداق بۆلىكى دەيمىز؟

يەنە شۇنداق 2 سىنتېتىك كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئۈستىگە يەنە بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى 6 كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: مەن ئىلپۇزورنىڭ راسا كۆككۆلدىكىدەكىدىن ئالا ماسام، ئالمايمەن. مانا بۇ جۈملىدە "كۆككۆل" دېگەن ئىسىمغا "دىكى، دەك، دىن" ئىبارەت 3 خىل قوشۇمچە ئۇلانغان. شۇنداقتىمۇ يولداش خەمىتنىڭ يېڭى سىنتېتىك كېلىشلىرى كېلىش بولىۋېرەمىش. خوش ئۇنداق بولسا، بۇ جۈملىدىكى "كۆككۆل" دېگەن ئىسىمنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بەرگىنى قايسى كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى؟ ياكى ھەممىسى بىرلىشىپ شۇ بىر سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلىگەن دەيمىزمۇ؟

يەنە ئالايلۇق، ئۇيغۇر تىلىدا كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئۈستىگە يەنە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئەھۋال ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى ئەنئەنىۋى 6 كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى ئۆز ئاخىرىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. لېكىن يولداش خەمىتنىڭ يېڭى سىنتېتىك كېلىشلىرى ئۆز ئاخىرىغا يەنە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلىۋېرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ. ئۇ يەنىلا كېلىش بولىۋېرەمىش. مەسىلەن:

ئۇنىڭ قولىدىكى نانىنىڭ ئالىقانچىلىكى يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ قولىدىكى نانىنىڭ ئالىقانچىلىكىنى بالىسىغا بەردى.

بۇ يەردە شۇنى سوراپ باقايلى: يۇقۇرقى جۈملىدە "ئالقانچىلىكى" دېگەن سۆزنىڭ شۇ جۈملىدە ئىگە بولۇشىنى، ئىككىنچى جۈملىدە "ئالقانچىلىكىنى" دېگەن سۆزنىڭ چۈشۈم تولدۇرغۇچى بولۇشىنى قايسى خىل كېلىش ئامىلى بەلگىلىگەن؟

ئۇيغۇر تىلىدا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى "نىڭ" بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملارغا (سۆزلەرگە) يەنە "كى" قوشۇمچىسى ئۇلانغاندىن كېيىن، بۇ سۆز باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش شەرتىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: قادىرنىڭكىنىڭ، قادىرنىڭكىنى، قادىرنىڭكىدىن، قادىرنىڭكىگە، قادىرنىڭكىدە. بۇ تىلىمىزدا قىسمەن ئەھۋال ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي ئەھۋال. شۇنداقلا، بۇ تىلىمىزدا پەۋقۇلئاددە ئەھۋالغا چىقىرىۋېتىلىدىغان بىنورمال ئەھۋال ئەمەس. بەلكى ئادەتتىكى نورمال ئەھۋال. بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراش كېرەككى، تىلىمىزدا، جۈملىدە "نىڭ" بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئىگىلىك ئېنىقلىغۇچى بۆلەككە "كى" قوشۇمچىسىنى ئۇلىماي تۇرۇپ، باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى تىلىمىزدا ئۇنداق مورفولوگىك شەكىل (قادىرنىڭنىڭ، قادىرنىڭنى» مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا، بۇ مىساللار ئارقىلىق يېڭى سىنتېتىك كېلىشلەرنىڭ بىر سۆزگە قوشلاپ ئۇلىنىپ كېلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنئەنىۋى كېلىشلەرنىڭ قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، تىلىمىزدا ئېنىقلانغۇچى چۈشۈپ قالغاندا ياكى ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى ئورۇن ئالماشتۇرغاندا، بىر سۆزگە بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى قەۋەتمۇ - قەۋەت ئۇلىنىپ قالىدىغان ئەھۋال ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. يەنە تىلىمىزدا ھەر بىر كېلىش ۋەزىپە ئۆتەش جەھەتتىن مۇستەقىللىققا ئىگە. ھەر قايسى ئۆز ئالدىغا بىر خىل جۈملە بۆلىكىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش خەمىتنىڭ يېڭى سىنتېتىك كېلىشلىرى. ئەنئەنىۋى 6 كېلىشكە زادىلا ئوخشىمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردا ھېچقانداق كېلىشلىك خۇسۇسىيەت يوق. ئۇلاردا سۆز ياسىغۇچى ۋە ياكى سۆز خاراكتېرىنى ئۆزگەرتكۈچى قوشۇمچىلىق خۇسۇسىيەت بار. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار كاتېگورىيىسى دائىرىسىدە قويۇلۇشى تىل ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن.

III مەسىلە: يولداش خەمىتنىڭ ئانالىتىك كېلىشلىرى توغرىسىدا "بىلەن، ئۈچۈن، ئارقىلىق، توغرۇلۇق" دېگەنلەر كېلىشمۇ؟ "گىراماتىك شەكىللەر يالغۇز سىنتېتىك يول بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئانالىتىك يول بىلەنمۇ ياسىلىدۇ، دېگەن پرىنسىپ" تىلىدىكى گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەم سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك شەكىللىرى بولۇشى كېرەك دېگەن مەنانى بىلدۈرەمدۇ؟

ئۇنداق مەنانى بىلدۈرۈشى ناتايىن. يولداش خەمىت: "رۇس تىلى گىراماتىكىسىدا، پېئىل زامانلىرىنىڭ ھەم سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك شەكىللىرى بار، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى پېئىل زامانلىرىنىڭمۇ ھەم سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك شەكىللىرى بار. شۇنداق بولغانلىقتىن، گىراماتىك شەكىللەر سىنتېتىك يول بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئانالىتىك يول بىلەنمۇ ياسىلىدۇ دېگەن

پىرىنسىپ بويىچە، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئارقا ياردەمچىلەر ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنى بىر خىل مورفولوگىيىلىك شەكىل ھېساپلاپ، ئۇلارنى سىنتېتىك كېلىشلەر بىلەن بىر قاتاردا كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك، بۇنداق بولمىغاندا، بىزنىڭ گىراماتىكىلىق بىرلىكلەرنى ئايرىشتىكى پىرىنسىپىمىز ئىزچىل بولمىغان بولىدۇ" دەپ قارايدۇ. («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 80 - يىل 3 - سانىنىڭ 101 - بېتى ھەم 83 - يىل 1 - سانىنىڭ 84 - بېتىگە قارالسۇن)،

بۇنداق قاراش تىل ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. پېئىل زامانلىرىنىڭ ھەم سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك يول بىلەن ياسىلىش - ياسالماسلىقى بىلەن ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى شەكىللىرىنىڭ ھەم سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك يول بىلەن ياسىلىش - ياسالماسلىقىنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ مەلۇمكى، بۇ خىل تىل ھادىسىلىرىنىڭ بىر - بىرىنىڭ قانداق گىراماتىكىلىق يول بىلەن ياسىلىشىغا ۋاستە - بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. چۈنكى تىلىمىزدا ئىسىملار بىلەن پېئىللار ئايرىم - ئايرىم كاتېگورىيىگە مەنسۇپ سۆز تۈركۈملىرىدۇر. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سۆز ياسىغۇچى، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرىمۇ ۋە ئۇلارنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرىمۇ ئالاھىدە مەنا، شەكىل ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئايرىم - ئايرىم كاتېگورىيىلەرگە مەنسۇپتۇر. شۇڭا، پېئىل زامانلىرى ھەم سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك يول بىلەن ياسالغان بولسا، ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭمۇ ھەم سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك يول بىلەن ياسىلىشى ناتايىن. شۇنداقلا كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭمۇ خۇددى پېئىل زامانلىرىغا ئوخشاش ھەم سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك يول بىلەن ياسىلىشى شەرت ئەمەس ھەم بۇ تىلدا شەرت قىلىپ قويۇلغانمۇ ئەمەس. ئەگەر پېئىل زامانلىرى ھەم سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك يول بىلەن ياسالغاندىن كېيىن ۋە بۇ خىل ئەھۋال پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭمۇ ھەم سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك شەكلى بولۇشى ۋە بۇنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك دېگەننى تەۋرەنمەس پىرىنسىپ قىلىۋالىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا، تىلنىڭ ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىدا سىنتېتىك كېلىش بولۇپ، ئانالىتىك كېلىش بولمىسا ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئانالىتىك كېلىش بولۇپ، سىنتېتىك كېلىش بولمىسا، يوقنى نەگە بارىمىز ۋە ئۇنى نەدىن تاپىمىز؟ يوقنى بار قىلىمىز دەپ، ئەنئەنىۋى كېلىشنىڭ بەزىبىرلىرىگە كۆرۈنمىشىدىن ئاز - پاز ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قانچە ياردەمچى سۆزگە زورمۇ - زور ئانالىتىك كېلىش نامىنى بېرىپ قويغان بىلەن، ئۇ سۆزلەر تىل ئەمەلىيىتىدە ھۆقۇم، ئىزچىل كېلىشلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىسا، ئۇلار بەربىر كېلىش بولالمايدۇ. كېلىشلەردە بولۇدىغان ھۆقۇم، ئىزچىل كېلىشلىك خۇسۇسىيەت دېگىنىمىز نېمە؟

ئالايلۇق، يولداش خەمىت "ئەمەت بىلەن سەمەت تونۇگۇن كەلدى" دېگەن جۈملىدىكى "بىلەن" نى ئانالىتىك كېلىشمۇ ئەمەس، ئارقا ياردەمچىمۇ ئەمەس، باغلىغۇچى بولىدۇ، دېسە، ئەمدى "مەن ئەمەت بىلەن كەلدىم، باھار كېلىش بىلەن گۈللەر ئېچىلدى"

دېگەن جۈملىلەردىكى "بىلەن" بولسا، ئارقا ياردەمچى بولىدۇ ھەم ئانالىتىك كېلىش بولىدۇ، دەيدىكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە يۇقۇرقى جۈملىدىكى "بىلەن" ياردەمچىسى بىلەن كېيىنكى جۈملىلەردىكى "بىلەن" باشقا - باشقا "بىلەن" لەرمىش.

تىلىمىزدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئەڭ ئاددى بىر باغلىغۇچى ياردەمچى سۆزنى بىردەم ئارقا ياردەمچى بولىدۇ، ئانالىتىك كېلىش بولىدۇ دېسەك، يەنە بىردەم ئۇ ئارقا ياردەمچى ئەمەس، ئانالىتىك كېلىشمۇ ئەمەس، باغلىغۇچى بولىدۇ دېسەك، بىزدىكى گىراماتىكىلىق بىرلىكلەرنى ئايرىشتىكى ئىزچىللىق دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟

يەنە ئالايلۇق، ئەنئەنىۋى 6 كېلىشتە باش كېلىش ئومۇمەن ئىگىنى، ئىگىلىك كېلىش ئومۇمەن ئىگىلىك ئېنىقلىغۇچى بۆلەكنى، چۈشۈم كېلىش ئومۇمەن چۈشۈم. تولدۇرغۇچى بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى باشقا بۆلەكلەردىن پەرقلەندۈرىدۇ. يەنى جۈملىنىڭ مۇنۇ بىر بۆلىكىنى كۆرسىتىدىغان كېلىش، دائىم شۇ بۆلەكنىلا كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا 2 - بىر بۆلەكنى كۆرسىتىدىغان ئەھۋال يوق. مۇقىم ئىزچىللىق دېگەن ئەنە شۇ. لېكىن يولداش خەمىت تەرغىپ قىلىۋاتقان ئانالىتىك كېلىشلەردە بۇ خۇسۇسىيەت يوق.

مەسىلەن:

1. مەن ئەمەت بىلەن كەلدىم. *

2. تۈنۈگۈن يامغۇر ياغقاندا يالاڭ كىيىم بىلەن ئىدىم، شۇڭا سەل سوغاق تېگىپ قاپتۇ.

3. بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز.

4. بىزنىڭ ھەممە تىرىشچانلىقىمىز خەلق ئۈچۈن.

5. يېقىندا قانۇن - ئىنتىزام توغرىلىق سۆزلەندى.

6. مۇئەللىم ئۆگىنىش توغرىلۇق سۆزلىدى. *

بىرىنچى جۈملىدىكى "بىلەن" تولدۇرغۇچى تەركىۋىدە، ئىككىنچى جۈملىدىكى "بىلەن" خەۋەر تەركىۋىدە، ئۈچىنچى جۈملىدىكى "ئۈچۈن" مەقسەت ھالىتى تەركىۋىدە، تۆتىنچى جۈملىدىكى "ئۈچۈن" خەۋەر تەركىۋىدە، بەشىنچى جۈملىدىكى "توغرىلىق" ئىگە تەركىۋىدە، ئالتىنچى جۈملىدىكى "توغرىلىق" تولدۇرغۇچى تەركىۋىدە كەلگەن. يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى "بىلەن، ئۈچۈن، توغرىلىق" دېگەن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ 2 خىلدىن جۈملە بۆلىكى تەركىۋىدە كېلىشى ئۇلارنىڭ ئىزچىل بىر خىل كېلىشلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟ ئەگەر يۇقۇرقىدەك ئەمەلى تىل پاكىتلىرىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇلارنى ئانالىتىك كېلىش دەيدىغان بولساق، يەنە مۇنداق بىر سوئالمۇ تۇغۇلىدۇ: ئانالىتىك كېلىش دېگەن سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەش جەھەتتىن زادى ئىگىنى كۆرسىتەمدۇ ياكى تولدۇرغۇ-

** 1 - 6 - جۈملىلەردىكى «بىلەن، توغرىلۇق» نى ۋاقىتىنچە تولدۇرغۇچى دەپ ئاتاپ تۇردۇق.

چىنى كۆرسىتەمدۇ ياكى خەۋەرنىمۇ؟

تىل ئەھمىيىتى ئاخىرى بىزنى شۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىكى، ئۇيغۇر تىلىدا بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى سىنتېتىك كېلىشلا بار، ئانالىتىك كېلىش يوق.

يولداش خەممەت يەنە "بىز بۇ ئارقا ياردەمچى سۆزلەرنى كېلىش رولىنى ئوينايدۇ، دېگەندە ئۇلارنىڭ بەزىدە بەزى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن مەنىداش بولۇپ كېلىشىنى نەزەردە تۇتمايمىز، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزى قوشۇلغان ئىسىمنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتىمىز" دەيدۇ. (83 - يىل 1- سان 87 - بەتتە)

ئەمدى "ئۇلارنىڭ ئۆزى قوشۇلغان ئىسىمنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان" لىقىغا كەلسەك، بۇ ھال ئۇلارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگە ئەمەس، بەلكى پەقەت ياردەمچى سۆزلەر كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بىز تىلغا ئېلىۋاتقان ياردەمچى سۆزلەر دەل ئەنە شۇنداق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەردۇر. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئاساسى ۋەزىپىسىمۇ ئەنە شۇنداق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. كېلىش كاتېگورىيىسى بولسا، ئىسىملار بىلەن ئىسىملارنىڭ ياكى ئىسىملار بىلەن باشقا سوزلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈشتىن تاشقىرى ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئانالىتىك كېلىش دەپ ئاتالغان ھېلىقى ياردەمچى سۆزلەردە ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ كۆرسىتىدىغان خۇسۇسىيەت يوق. يولداش خەممەتنىڭ كېلىش توغرىسىدىكى ھازىرقى نوقتىنەزىرى كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ پەقەت مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بىرلا تەرىپىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، "سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە" نى بەلگىلەپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاساسلىق نوقتىنى بولسا ئېتىراپ قىلمايدۇ ۋە ئۇنى "مۇناسىۋەت" بىلەن بىر ئۇقۇم دەپ چۈشىنىدۇ. يولداش خەممەت بىلەن مېنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدىكى نوقتىنەزەر ۋە چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ ماھىيەت جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىقىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، "بىلەن، ئۈچۈن، ئارقىلىق، توغرىلىق (توغرىسىدا، ھەققىدە)"، دېگەن سۆزلەر كېلىش ئەمەس، بەلكى ياردەمچى سۆزلەردۇر. ئالدىنقى ئىككىسى باغلىغۇچى ياردەمچى سۆزدۇر. كېيىنكىلىرى رەۋىش تۈركۈمىگە مەنسۇپ ياردەمچى سۆزلەردۇر. بۇ خىل ياردەمچى رەۋىشلەر ئۆزلىرىگە ئۇلانغان قوشۇمچىلار بىلەن بىرىكىپ مۇقىملىشىپ كەتكەن رەۋىشلەردۇر. يەنە ئۇلار تىلىمىزدىكى ئەنئەنىۋى سىنتېتىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاش تۈرلەنگۈچى قوشۇمچە ئەمەس، بەلكى تىلىمىزنىڭ لوغەت تەركىبىنىڭ بىر قىسمى بولغان ياردەمچى سۆزلەر كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ سۆزلەردۇر. ئەگەر ئۇلارنى ئانالىتىك كېلىش دەپ تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار كاتېگورىيىسىگە ئېلىپ كىرىدىغان بولساق، ئەۋۋەل ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ۋە خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قوشۇمچىغا ئايلان-

غان دەپ ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇلار ھازىر تېخى ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمىغان. شۇڭا ئۇلار ھەممىدىن ئەۋۋەل قوشۇمچە ئەمەس، بەلكى بەلگىلىك لېكسىكىلىق مەنىگە ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە سۆزدۇر. ئۇلارغا مانا شۇ نۇقتىدىن قاراش تىل ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇلار رەۋىش خاراكتېرىگە ئىگە ياكى رەۋىش تۈركۈمىگە تەۋە سۆزلەر بولغىنى ئۈچۈن ئۆزلىرى بىرىكىپ كەلگەن سۆزلەرنى جۈملىنىڭ ھالەت بۆلىكى بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مەلۇمكى تىلىمىزدا جۈملىدە بايان قىلىنغان ئىش - ھەركەتنىڭ نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن، كىم ئۈچۈن، كىم توغرىلۇق، نېمە توغرىلۇق، قانداق ئۇسۇل بىلەن ۋە ياكى قانداق ھالدا ئورۇنلانغان ياكى ئورۇنلانمىغانلىقىدەك تۈرلۈك ھەركەت - ھالەتلىرىنى بىلدۈرۈش رەۋىش تۈركۈمىنىڭ ۋەزىپىلىرىدىندۇر. رەۋىش تۈركۈمىمۇ خۇددى ئىسىمدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گىراممىاتىكىلىق خاراكتېرى بويىچە جۈملىدە ھېچبىر كېلىش كاتېگورىيىسىگە مۇھتاج بولمايلا جۈملىدىكى مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق ئورنى بويىچە جۈملىنىڭ تۈرلۈك ھالەت بۆلەكلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. جۈملىدە ھېلىقى ياردەمچى سۆزلەر (رەۋىشلەر) بىلەن بىرىكىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت بولۇشى خۇددى ئەسلى رەۋىشلەرنىڭ ياكى رەۋىشداشلارنىڭ جۈملىنىڭ ھالەت بۆلىكى بولغىنىغا ئوخشاشلا بىر گەپ.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى «كېلىش» مەسىلىسى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرايلى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» تەھرىر بۆلۈمى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش كاتېگورىيىسى مەسىلىسى تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە، بۇ ھەقتە بىرنەچچە يىلدىن بېرى بىرمۇنچىلىغان ئىلمىي ماقالىلار ئېلان قىلىندى، شۇنداقلا تىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا قىزغىن مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى. بۇ، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى جەھەتتىكى بىر ياخشى ئەھۋال. تەھرىر بۆلۈمىمىز، بۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكا نەزەرىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئىلمىي مەسىلە دەپ قاراپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يولداش خەمىت تۆمۈر①، يولداش غاپپار مەھەممەت②، يولداش نەسرۇللا يولبولدى③، يولداش ئەخمەتجان ئەسقەرى④ قاتارلىق يولداشلارنىڭ بەزى ماقالىلىرى ژورنىلىمىزدا ئېلان قىلىندى. يولداشلار ژورنىلىمىز ئارقىلىق «كېلىش» نەزەرىيىسى ۋە «كېلىش» قوشۇمچىسىنىڭ شەكىل بەلگىلىرى توغرىسىدا قىزغىن مۇنازىرە يۈرگۈزدى.

مۇنازىرىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى يولداش خەمىت تۆمۈر «كېلىش» شەكىللىرى دەپ ئوتتۇرىغا قويغان «دىكى - تىكى»، «دەك - تەك»، «- چە (چىلىك)»، «غىچە - قىچە - گىچە - كىچە» بەلگىلىك تۆت سىنتېتىك شەكىل ۋە «توغرىلىق»، «بىلەن»، «ئۈچۈن»، «ئارقىلىق» بەلگىلىك تۆت ئانالىتىك شەكىل ئۈستىدە بولدى.

يولداش خەمىت تۆمۈرنىڭ بۇلارنى كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشتىكى ئاساسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

---

① خەمىت تۆمۈر: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ «كېلىش» كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» 1980- يىل 3- سان. «يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ «كېلىش» كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» 1983- يىل 1- سان.

② غاپپار مۇھەممەت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ «كېلىش» كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» 1981- يىل 4- سان.

③ نەسرۇللا يولبولدى: «ئۇيغۇر تىلىدىكى «كېلىش» ھەققىدە مېنىڭ قاراشلىرىم» 1982- يىل 1- سان.

④ ئەخمەتجان ئەسقەرى: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ «كېلىش» سىستېمىسىدىكى شەكىللەر توغرىسىدا» 1984- يىل 2- سان.

① بۇلار ئەنئەنىۋى 6 كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاش ئىسىمنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

② بۇلار سۆز قۇرۇلمىسىدا 6 كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ، يەنى 6 كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىش ئىمكانىيىتىدە تۇرىدۇ. دېمەك، يولداش خەمىت تۆمۈر 6 كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىش ئىمكانىيىتىدە تۇرغان، ئوخشاش باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ تۇرغان شەكىل بەلگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشى كېرەك دەپ قارايدۇ.

يولداش غاپپار مەھەممەت بولسا، بۇلار كېلىشنىڭ شەكىل بەلگىلىرى ئەمەس، چۈنكى بۇ قوشۇمچىلار «ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.» — دەپ قارايدۇ. يولداش غاپپارنىڭ قارىشىچە، «سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەت» بىلەن «جۈملىدىكى سىنتاكسىلىق ۋەزىپە» ئىككىسى ئىككى نەرسە. «مۇناسىۋەت» لا بولۇپ، «ۋەزىپە» نى كۆرسىتىپ بېرەلمىسە، كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ.

يولداش غاپپار «-دىكى»، «-دەك»، «-چە»، «-غىچە» قوشۇمچىلىرىنى سۆز ياسىغۇچى يەنى ئىسىمدىن سۈپەت، رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۈچ تۈرىنى يەنى بىر قوشۇمچىنىڭ ياسىغۇچى بولۇشى ئۈچۈن ئۆلچەم قىلىنىدىغان ئۈچ شەرتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يولداش غاپپارنىڭ قارىشىچە، ياسىغۇچى قوشۇمچىلار، مۇنداق 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ: «① يېپ-يېڭى مەنىلىك سۆزلەرنى ياسايدىغان قوشۇمچىلار؛ ② سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەستىن، مەلۇم يېڭى مەنا قوشىدىغان قوشۇمچىلار؛ ③ ھېچقانداق يېڭى مەنا ياسىماستىن، پەقەت سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق خاراكتېرىنىلا ئۆزگەرتىدىغان قوشۇمچىلار».

يولداش نەسىرۇللا، بۇ قوشۇمچىلار كېلىش قوشۇمچىلىرى ئەمەس، بەلكى «بەزىلىرى كېلىشتىن كېيىن قوشۇلىدىغان، بەزىلىرى تۈپ ۋە ياسالما سۆزلەرنىڭ ئۆزىگىلا قوشۇلىدىغان ئۆزگەرتكۈچلەر...» دەپ قارايدۇ. يولداش نەسىرۇللا بۇ «ئۆزگەرتكۈچى» لەرنى كېلىش قوشۇمچىلاردىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەندە، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ بىر تۈركۈمگە تەۋە سۆزگە يەنە بىر تۈركۈمدىكى سۆزنىڭ خاراكتېرىنى سىڭدۈرۈپ قويغانلىقىنى ۋە بۇ قوشۇمچىلارنىڭ 6 كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن قاتلىنىپ كېلىش ئىمكانىيىتىنى نەزەرگە ئالغان. يولداش نەسىرۇللانىڭ چىقىش نۇقتىسى يولداش غاپپارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. لېكىن ئۇمۇ بۇ قوشۇمچىلارنىڭ «كېلىش قوشۇمچىسى» بولۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ.

يولداش خەمىت تۆمۈر بۇ قوشۇمچىلارنىڭ قاتلىنىپ كېلىشى توغرىسىدا توختالغىنىدا بۇنى شەرتلىك ئەھۋال يەنى بۇ قوشۇمچىلار ئۇلانغان سۆز ئۆز ئىنىقلانغۇچىسىغا ۋەكىللىك قىلغان شەرت ئاستىدا، ئەسلى ئىنىقلانغۇچىنىڭ باغلىنىش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن كېلىش قوشۇمچىسىنى قوبۇل قىلغان. دېمەك، بۇلارنىڭ كەينىگە يەنە باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى-

نىڭ ئۇلىنىپ كېلىش شەرتى، ئىنقىلابچى سۆزگە ئۇلىنىش شەرتى بىلەن ئوخشاش دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

يولداش غاپپار، يولداش خەمىت تۆمۈرنىڭ 4 ئانالىتىك كېلىشى ئۈستىدە توختىلىپ، ياردەمچى سۆزلەر ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ كېلىشلىك رولى يوق دەپ قارايدۇ.

يولداش نەسرۇللا بولسا، بۇ ئانالىتىك فورمىلا ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا «كېلىش» شەكىللىرى قاتارىدىن ئورۇن بېرىش كېرەك دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇ بۇ شەكىللەرنى يولداش خەمىت تۆمۈردەك تۆت خىل كېلىشكە ئايرىماي، بىرلا ياردەمچە كېلىش دەپ ئومۇملاشتۇرغان ياخشى دەپ قارايدۇ.

يولداش ئەخمەتجان ئەسقەرىمۇ «مۇناسىۋەت» بىلەن «ۋەزىپە»نى پەرقلەندۈرۈپ چۈشىنىش كېرەك، دەيدۇ ۋە «سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە»نى «بىلدۈرگەن ھەرقانداق شەكىلنى كېلىش شەكلى دەپ قاراش كېرەك» دەپ قارايدۇ. مۇشۇ نۇقتا ئاساسىدا «كېلىش» شەكىللەندۈرگۈچى ۋاسىتىلار دەپ مۇنۇلارنى كۆرسىتىدۇ: ① نۆل شەكىل (باش كېلىش شەكلى)، ② كېلىش قوشۇمچىلىرى، ③ كېلىشنىڭ ئارقا ياردەمچىلىرى، ④ كېلىشنىڭ ئارقا ياردەمچىلىرى (ئۇلانمىلار). ⑤ كېلىشنىڭ بىرىكمىلىرى (مەسىلەن ئۆيدىكىلەرنىڭكىنى). ئۇمۇ شەكىللەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كېلىش نۇسخىلىرى قاتارىدا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل كېلىش نۇسخىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ① ئاددى شەكىلدىكى كېلىشلەر، ② قوشۇمچە شەكىلدىكى كېلىشلەر، ③ مۇرەككەپ شەكىلدىكى كېلىشلەر.

كېلىش كاتېگورىيىسىدىكى مۇنازىرە جەريانىدا تىل پاكىتلىرىنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئومۇمى گرامماتىكا نەزەرىيىسىگە ئائىت بىر مۇنچە ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئەھۋال، لېكىن مۇنازىرە ئارقىلىق ھازىرقى تىل نەزەرىيىسى جەھەتتىكى بىلىملىرىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى، بۇ مەسىلىدە ئىگىلىگەن جانلىق ماتېرىياللىرىمىزنىڭ كاملىقىنى، تەتقىقاتىمىزنىڭ تېخى دىگەندەك چوڭقۇرلاشمىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدۇق. بۇ ھال تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىشلىرىمىزنى نەزەرىيە ئاساسىمىزنى كۈچەيتىپ، كېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشىمىز كېرەكلىكىنى، تېخىمۇ مول ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەتقىقاتىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«كېلىش» مەسىلىسى، ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكا نەزەرىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مەسىلە. ئۇنىڭ توغرا ھەل بولۇشى ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكا نەزەرىيىسىنى تىل ئەمەلىيىتىگە تېخىمۇ ئويغۇنلاشتۇرۇشتا زور رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ژورنىلىمىزدا مۇنازىرىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، بۇ جەھەتتە بىر مەزگىل يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىش يەنىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

# ئوقۇش پۈتتۈرۈش رېپاراتىنى قانداق يېزىش توغرىسىدا مەسلىھەت

ھېمىت مەخسۇت

1 - نېمە ئۈچۈن ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا رېپارەت يېزىش تەلەۋى قويۇلىدۇ؟ ئوقۇش پۈتتۈرۈش رېپاراتى - ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلار يېتەكچىلىكىدە ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاساسىدا مەلۇم دەرستىكى ياكى پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى مەلۇم مەسىلىنى تەھلىل - تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش جەريانىدا يېزىپ چىققان ئىلمىي ماقالىدىن ئىبارەت.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ ھاياتىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۆگىنىش، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىنكى ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملىرى ئاساسىدا پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىي - مائارىپ ئورۇنلىرىدا ئۆزىگە ئارتىلغان ئىغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش. كېيىنكى ۋەزىپىنى مۇستەقىل ھالدا بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوقىغان دەرسلىكلەرنىڭ ئاساسلىق نەزەرىيىلىرىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەخسۇس بىلىم ۋە ئاساسىي ماھارەتنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن پۇندامېنتنى چىڭىتىش لازىم. ئەمما بۇ مەقسەت ئەمەس، بەلكى مەقسەتكە يېتىشتىكى ۋاستە ۋە شەرت. مەقسەت شۇكى، ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى كەلەچەكتە ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش يەنى ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئاساسىدا ئىجادىي ئەمگەك ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش، تەتقىقات خىزمىتى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، خىزمەت جەريانىدا ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھەل قىلالايدىغان ئىلمىي، يارامىلىق خادىم بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش جەريانىدا ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ دەسلەپكى قەدەمدە بىر قەدەر ئاساسقا ئىگە ئىلمىي تەتقىقات قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشىلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار رېپارات يازىدىغان ۋە يازغان رېپاراتىغا قاراپ ئۇنۋان بېرىلىدىغان تۈزۈم رەسمىي يولغا قويۇلۇپ بۇ مۇھىم ئىشلار قاتارىغا ئۆتتى، ئەمما پەن - تېخنىكا، مەدەنىي مائارىپ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا پەرق تېخى ناھايىتى زور. بەزى دۆلەتلەردە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىككى يىل

ئاساسى پەنلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا رېپارات يېزىشقا باشلايدىكەن. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمى تەتقىقات مەشقى ئېلىپ بېرىشى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈش رېپاراتى يېزىشى ئۈچۈن ئۇنۇملۇك شارائىت يارىتىلىدىكەن.

ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا رېپارات يازدۇرۇش ئارقىلىق يېتىدىغان ئىككىنچى مەقسەت شۇكى، ئوقۇغۇچى ئۆزى ئوقۇغان پەننىڭ ئاساسى نەزىرىيىلىرىنى ياخشى ئۆزلەشتۈردىمۇ - يوق، مەخسۇس بىلىم ۋە ئاساسى ماھارەتنى بىر قەدەر ياخشى ئىگىلىدىمۇ يوق، ئىلمى - تەتقىقات خىزمىتى ۋە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە مەلۇم سەۋىيە بىلەن بىرەر مۇستەقىل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالامدۇ - يوق؟ دىگەندەك ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ ئىگەللەشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېپارات يېزىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش، ئىلمى تەتقىقات قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرۇش، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن مۇستەقىل خىزمەت ئىشلىيەلىشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس ياردەم بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

2 - ئوقۇش پۈتتۈرۈش رېپاراتى يېزىشتا قانداق تەلەپ قويىلىدۇ؟

ئوقۇش پۈتتۈرۈش رېپاراتى ئەمەلىيەتتە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرى ئاساسىدا مۇستەقىل ئىشلەيدىغان خۇلاسە خاراكتېرلىك تاپشۇرۇغى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىلمى سەۋىيىسى ۋە قىممىتىگە نىسبەتەن تولىمۇ يۇقۇرى تەلەپ قويۇلسا ئەمەلىيەتتىن يىراق بولىدۇ. ئەمما ئۇ بىر خىل ئىلمى مۇھاكىمە ماقالىسى بولغاچقا ئىلمى تەتقىقات ئەسەرلىرىگە قويىلىدىغان تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى لازىم. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلمى مۇھاكىمە قائىدىسىگە مۇۋاپىق ھالدا ئىلمىلىكى بولۇشى لازىم. بۇ تەلەپنىڭ ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن رېپاراتتا ئىلگىرى سۈرۈلگەن كۆز قاراش توغرا دەلىل تولۇق ۋە پۇختا بولۇش، ئىلمى مۇلاھىزە چوڭقۇر ۋە مۇۋاپىق بولۇشى، تىلىنىڭ لوگىكىلىقى زىچ ۋە كۈچلۈك بولۇشى لازىم.

توغرىلىق ھەر قانداق يېزىقچىلىق ئىشىنىڭ جېنى. بۇنداق دىگەنلىك ھەر قانداق ئەسەرنىڭ مەيدانى ۋە كۆز قارىشىنىڭ توغرا بولۇشىنى، ماتېرىيالىنىڭ چىن - ئىشەنچلىك بولۇشىنى، يۈرگۈزۈلگەن مۇھاكىمە داۋىلىغا ئۇيغۇن بولۇشىنى، ئۇنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ توغرا، مۇۋاپىق بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دىگەنلىك، پەقەت توغرىلىق ئاساسىدىلا جانلىقلىق ۋە ئېنىقلىق تەلىۋىگە يەتكىلى بولىدۇ.

رېپاراتتا بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويىلىدىغان ۋە ئىلگىرى سۈرۈلىدىغان كۆز قاراش ئەنە شۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك رىيال ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق پەيدا قىلىنىپ چىقىدۇ. ئۇ ئاپتورنىڭ شۇ شەيئىگە قاراتا چۈشەنچىسى ۋە تەشەببۇسى بولۇپ، ئۇنىڭ توغرا بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاپتوردا توغرا مەيدان، توغرا تەتقىقات ئۇسلۇبى ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەيدىغان ئىلمى پوزىتسىيە بولۇشى لازىم. ئۇنىڭدىن سىرت كۆز قاراش بىلەن ماتې-

رىيال ئوتتۇرىسىدا چەمبەرچەس بىرلىك بولۇشى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ - قارشىلىق ۋە زىتلىق بولماسلىقى لازىم.

بەزى ئوقۇغۇچىلار ھېچقانداق ماتېرىيال ئاساسى يوق تۇرۇپلا رېپارات يېزىشقا كىرىشىدۇ، ئازغىنە پاكىتقا تايىنىپ ئادەم چۆچىگىدەك يوغان خۇلاسە چىقىرىدۇ، ھەتتا يەنە بەزىلىرى ئالدى بىلەن خۇلاسىنى چىقىرىپ ئاندىن ئۇنىڭغا ئاساس، پاكىت ئىزلەيدۇ. يەنە بەزىلىرى كىچىككىنە ئۆزەكى ئاساس ياكى بىرەر مىسالغا تايىنىپ يەكۈننى ئىسپاتلاپ تۆگىنى چۆجە، چۆجىنى تۆگە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يازغان رېپاراتىنى ھېچقانداق ئىلمى قىممىتى بولمىغان قۇرۇق شۇئار، مەنىسىز گەپلەر بىلەن تىقشۇزۇۋېتىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ، سوبيېكتىۋىزىملىق كېسىلىنىڭ مەھسۇلى.

ئىگەللىگەن بىلىم دائىرىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغاندىلا، ئاندىن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. ھەر قانداق پەن ھېچقاچان يەككە - يېگانە ئەمەس، چۈنكى شەيئىلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە بىر - بىرى بىلەن باغلانغاچقا، ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پەنلەرمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە بىر - بىرى بىلەن باغلىنىدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە ئۆز ئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. شۇڭا مەلۇم پەندىكى مەلۇم مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى بولغان كىشى چوقۇم باشقا پەندىكى شۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ساھە ئۈستىدىمۇ ئىزلىنىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرىنچى قول ماتېرىيالنى توپلاشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى زۆرۈر. چۈنكى ئۇ شەيئىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئىككىنچى قول ماتېرىيال بىرىنچى قول ماتېرىيالنى باشقىلار پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالدەك تەبىئى ۋە ساپ بولۇشى ناتايىن، ھەتتا ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ چىقىرىش داۋامىدا ئۆزگىرىپ كېتىشى ياكى كام قېلىشى مۇمكىن.

بەزى ئوقۇغۇچىلار رېپارات يازغاندا ئۆزىگە پايدىلىق ماتېرىيالنى ياكى ماتېرىيالنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق تەرىپىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئىككىنچى قول ماتېرىيال قىلغاندا ئەسلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرماي، بەزىدە خاتا نەرسىنى خاتا پېتى ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، رېپارات يېزىشتىن بۇرۇن كۆپ كىتاب ئوقۇش، كۆپ ماتېرىيال توپلاش، كۆپ مۇتالىئە قىلىش لازىم. بۇ تەبىئى پەن ۋە ئىجتىمائى پەن ساھەسىدە يېزىلىدىغان رېپاراتلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق.

رېپاراتنىڭ لوگىكىلىقى كۈچلۈك بولمىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى زىچ، تىلى راۋان، چۈشىنىشلىك ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى كۈچلۈك بولۇشى لازىم.

بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازغان رېپاراتى لوگىكىلىق جەھەتتىن تولىمۇ ئاجىز، چۈنكى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى قالايمىقان. ئىشلەتكەن تىلى مۇجمەل، ئىككى بىسلىق، ئىپادىلەش ئۇسۇلى تۆۋەن، گىراممېتىك قۇرۇلۇشى ساغلام ئەمەس، ئىملاسى ناچار، شۇڭا ئۇ-

لارنىڭ رېپاراتىنى ئوقۇغان كىشى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى، نېمە مەسىلىنى قانداق ھەل قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

رېپاراتنىڭ قۇرۇلۇشى، ئەمەلىيەتتە ئاپتور تەپەككۇرى قۇرۇلىشىنىڭ رېپاراتتىكى كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ، ئاپتور تەپەككۇرى قالايمىقان بولسا، رېپارات قۇرۇلمىشى جەزمەن مۇجمەل بولىدۇ. بۇ نۇقسانىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاپتور ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى باغلىنىشىغا بولغان تونۇشىغا ئاساسەن، ماقالىنىڭ تېماتىك تەلىۋى بويىچە تاللىغان ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تۈرگە ئايرىپ، ئۆز رېتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق بۆلەكلەرگە بۆلۈش لازىم، بۇ بۆلەكلەرنىڭ ماددىلىرى ئوچۇق، پىكىر قاتلاملىرى (تەرتىۋى) ئېنىق بولۇشى، لوگىكىلىق تەپەككۇر يولىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. تىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن ئىشلەتكەن سۆز توغرا بولۇشى، چۈشىنىشلىك ۋە ئىپادىلەش ئۈنۈمى يۇقۇرى سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشى لازىم. ھەرگىز جۈملىلەر ئۇزۇن، ئېغىر بولماسلىقى، قانداق چۈشەنسە بولىۋېرىدىغان ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى قوللانماسلىقى، ھەمدە جۈملىلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشىغا، ئىملاغا، تىنىش بەلگۈلەرنىڭ جايىدا قوللىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئوبيېكتىپ شەيئىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەشكە دەل چۈشىدىغان سۆزنى ئىشلىتىش لازىم، شۇنداق قىلغاندا تىل بىلەن تەپەككۇر زىچ بىرلىشىپ، لوگىكىلىقى (مەنتىقىلىقى) كۈچىيىدۇ. رېپاراتنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئېنىقلىقى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ، قۇرۇلۇشى زىچ ۋە پۇختا بولىدۇ.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش رېپاراتى يېزىشتا كاللىدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك يەنى بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، رېپارات چوقۇم ئىجادىي بولۇشى لازىم. «ئىجادىي» دېگەن سۆزنى ئېيتىش ئاسان، ھۆددىسىدىن چىقىش قىيىن. چۈنكى ئۇ، زور پەننىي بىلىم كۈچى، ئەمەلىي ئىقتىدار، بىر قەدەر يۇقىرى تەتقىقات ماھارىتى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئىجادىي بولۇش كېرەك دېگەنلىك - رېپاراتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ۋە چۈشەنچە يېڭى بولۇشى لازىم دېگەنلىك.

بەزىلەر ئازغىنە جاپا چېكىشتىن قورقىدۇ. ۋاقىت قىستاپ كەلگەندە ھاپىلا - شاپىلا باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى رەڭگا - رەڭ بوياق بىلەن بوياپ، ئۆز نامىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ ئۆزىنى - ئۆزى ئالدىغانلىق بولۇپ، ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن.

يەنە بەزىلەر رېپارات يېزىشتىن بۇرۇن كەڭ - كۆلەمدە ماتېرىيال توپلاشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ياكى ماتېرىيال توپلىسىمۇ ئۇنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق تەھلىل قىلماي، ئۇنىڭدىن بىر ئابزاست، بۇنىڭدىن بىر جۈملە كۆچۈرۈۋېلىپ قول ئۇچىدا ئىشلەپ بولادى قىلىدۇ. بۇمۇ باشقىلارنىڭكىنى ئوغرىلاشنىڭ ئىككىنچى بىر خىل شەكلى. ئىلىم پەن ساھەسىدە بۇنداق يامان ئىستىلغا قەتئىي يول قويماسلىق لازىم.

بەزى رېپاراتلاردا ئۇتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىگە يۈرگۈزۈلگەن مۇھاكىمە ئۆزەرەك، نەزىرىيىۋى كۆز قاراش ئادەتتىكىچە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ سەۋىيە مەسىلىسى. ئەمما ئۇنىڭدا قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان مۇھىم يېڭى ماتېرىيال، يېڭى كۆز قاراش، يېڭى ئەمەلىيەت ئىپلان قىلىنغان بولسا ئۇنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئىلمى قىممىتى بولىدۇ. بۇنداق رېپاراتنىڭ سەۋىيىسىنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمى ۋە قايتا - قايتا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يۇقۇرى كۆتىرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن توپلىغان ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش، ئايرىملىقتىن ئومۇملىققا ئۆتۈش، خۇلاسە چىقىرىش جەريانىدا ئاپتورنىڭ يېڭى ئىجادى ئەمگىكى بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش لازىم.

3 - ئوقۇش پۈتتۈرۈش رېپاراتى يېزىشتىن بۇرۇن قانداق تەييارلىق قىلىش كېرەك؟

بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېپارات يېزىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ قانچىلىك ئىلمى كۈچ تەلەپ قىلىدىغانلىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرسىز بولغانلىقتىن بۇ ئىشقا سەل قاراپ، ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھېچقانداق تەييارلىق كۆرمەي ياكى تولۇق تەييارلىق كۆرمەي رېپارات يېزىشقا كىرىشىدۇ. ھالبۇكى بۇنداق تەييارلىقسىز ئېلىپ بارغان ئىش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

رېپارات يېزىشتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تەييارلىقلارنى چوقۇم پۇختا ئىشلەش كېرەك.

1 - تېما تاللاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش رېپاراتى يېزىشتا تۆۋەندىكىدەك تېما تاللاش شەكىللىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، دەرس ئوقۇتقۇچىسى چىقارغان تېما بىلەن ئوقۇغۇچى ئۆزى تاللىغان تېمىنى بىرلەشتۈرۈش. بۇنىڭدا دەرس ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلى - ئەھۋالىغا ئاساسەن تېما چىقىرىپ مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، پاكولتېتنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تاللاپ يېزىشىغا تاپشۇرىدۇ. كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ بىر قەدەر مۇۋاپىق ئۇسۇل. ئىككىنچى، ئوقۇغۇچى ئۆزى تېما تاللاش، مەلۇم ساندىكى ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەلا ھەم مەلۇم ئىلمى تەتقىقات ئىقتىدارىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى مۇستەقىل تېما تاللاپ يېزىشىنى خالىسا رۇخسەت قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، ئاز ساندىكى ئۆگىنىش نەتىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن، ئىلمى تەتقىقات ئىقتىدارى ئاجىز ئوقۇغۇچىلارغا تېما چىقىرىپ بېرىش بىلەن بىللە، يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ۋە ماتېرىيال مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرىش لازىم. ئۇلار شۇنداق قىلىشقا مۇھتاج. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە سان يوق. ئۇلارنىڭ كەسپى دەرسنى ئۆگىنىش ئەمەلى - ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوقۇتقۇچى تەدرىجى ھالدا ئۇلارنىڭ تېما تاللىشىغا ۋە يېزىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش زۆرۈر.

ئوقۇغۇچىلار مەيلى قايسى ئۇسۇلدا قانداق تېمىنى تاللىسۇن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك. (1) ئۆزىگە بىر قەدەر تونۇش بولغان، ھۆددىسىدىن چىقالايدى-

غان ۋە ئۆزى ئەڭ قىزىقىدىغان تېمىنى تاللاش لازىم. بەزى ئوقۇغۇچىلار مەلۇم دەرستىكى مەلۇم مەسىلىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلاپ ئۇزۇن مۇددەت شۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالاھىدە ئىزلەنگەنلىكى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە تەييارلىقى بولىدۇ. شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا مەلۇم دەرىجىدە ماتېرىيال ئاساسى بولىدۇ. شۇڭا بۇ تېمىنى جەزمەن تاللىۋېلىشى لازىم. چۈنكى بۇ ئوقۇغۇچى ئەشۇ تېمىدا رېپارات ياقلىسا كۆپ زورۇقماي ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ. (2) تاللىغان تېمىنىڭ دائىرىسى تولىمۇ كەڭ ۋە يوغان بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. بەزى ئوقۇغۇچىلار تولىمۇ يوغان تېمىغا ئېسىلىۋېلىپ ئۇنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشقا كۈچى يەتمەي يېرىم يولدا ۋاز كېچىدۇ. مىڭ تەسلىكتە ئاخىرىغا ئېلىپ چىققان تەقدىردىمۇ كۆرۈنۈشى يوغان، ئىچى كاۋاك، مەزمۇنسىز بىر نەمە بولۇپ چىقىدۇ.

تېما قانچە كىچىك بولۇپ، ھەل قىلىنغان مەسىلە شۇنچە چوڭ ۋە مۇھىم بولسا شۇنچە ياخشى. مەسىلەن، ئەدەبىيات ساھەسىدە رېپارات ياقلىماقچى بولساق، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى» دېگەن تېمىنى تاللىغاندىن كۆرە، «زۇنۇن قادىر ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىك توغرىسىدا» دېگەن تېمىنى تاللىغان تۈزۈك. چۈنكى، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا كونكرېت ۋە يىغىنچاق بولۇپ، ئانچە زور كۈچ تەلەپ قىلمايدۇ. تېخىمۇ كىچىكرەك تېما تاللايمىز دېسەك «زۇنۇن قادىرنىڭ دىراما ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىك توغرىسىدا» دېگەن تېمىنى تاللىساق ئىشىمىز تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. چۈنكى بۇ تېما ئالدىندىكى ئىككى تېمىغا قارىغاندا تېخىمۇ كونكرېت ۋە يىغىنچاق بولۇپ، يېڭى كۆز قاراش ۋە ئىجادىي پىكىر كۆتۈرۈپ چىقىشىمىزغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت تۇغۇلىدۇ.

چوڭ تېمىنى يازما دېگەنلىك ئەمەس. ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، ماتېرىيالغا باي، بىلىم دائىرىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر، تەتقىقات ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسا چوڭ نەتىجە قازانسا تېخىمۇ ياخشى، بىزنىڭ بۇ يەردە ئېيتىۋاتقىنىمىز پەقەت ئالتە ھەپتە ئەتراپىدا ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولۇشقا قارىتىلغان. مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپ ماتېرىيال توپلىغىلى، كۆپ كىتاب كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، شۇنداقلا پىستان چاقىدىغان زەمبىرەكتىن دەل جايىغا ئاتقىلى بولىدىغان تاپانچا ياخشى دېمەكچى. شۇڭا بىر پارچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش رېپاراتى يېزىشتا بىر كىچىك مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. ئەمما شۇ نەرسە مۇھىمكى، شۇ كىچىك تېمىدا يېزىلغان بىر پارچە رېپارات ئارقىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىۋېلىپ، چوڭ تېمىدىكى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە مەلۇم دەرىجىدە ئاساس يارىتىۋېلىشى لازىم.

2 - زور كۈچ بىلەن ماتېرىيال توپلاش كېرەك. رېپارات يېزىشتا ماتېرىيال توپلاش ئەڭ مۇھىم ئىش. بولۇپمۇ بىرىنچى قول ماتېرىيالنى توپلاش تېخىمۇ مۇھىم، چۈنكى ئەسلىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال باشقىلار تەگمىگەن بىر قەدەر ئىشەشلىك ماتېرىيال.

بىرىنچى قول ماتېرىياللاردىن باشقا رېپاراتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىدىغان مۇھىم ماتېرىياللارنىمۇ تويلاش لازىم. مەسىلەن، شۇ مەسىلە ئۈستىدە باشقىلارنىڭ ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ شۇ شەيئى ئۈستىدە ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن ۋە تىئورىيىلىرى ۋە باشقىلار.

3 باشقىلارنىڭ شۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تويلاش لازىم

ئىلىم پەننىڭ تەرەققىياتى ئۇزاق مۇددەتلىك پىششىقلىنىش ۋە تاۋلىنىش، تويلىنىش جەريانى بولۇپ، كېيىنكىلەر پەقەت بۇرۇنقىلار ئالىمىغان ئىختىرا قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ئاساسىدىلا كونىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭىنى ئىجات قىلىپ ئالغا باسالايدۇ. ماركسىزممۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارنىڭ خاتاسىنى تۈزىتىش، توغرىسىنى داۋاملاشتۇرۇش، شۇ ئاساستا يېڭىنى يارىتىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. پەننى تەجرىبە-ساۋاقلار ئالدىنقىلار ئاللا قاچان ھەس قىلغان ۋە ئىقرار قىلغان ھەقىقەتنى چوقۇم قوبۇل قىلىش، ئالدىنقىلار ئۆتكۈزگەن خاتالىقتىن ساۋاق ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش لازىملىقىنى ئۆزلۈكسىز ئىسپاتلاپ كەلمەكتە. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئالدىنقىلار ئاللا قاچان تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىپ بولغان مەسىلىنى يەنە كۈچ سەرپ قىلىپ تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما ئالدىنقىلار تەتقىق قىلغان مەسىلىلەر ئىچىدىن كام قالغان، خاتا بولغان، ئارتۇق كەتكەن نۇقسانلارنى تېپىپ چىقىشقا ۋە ئۇنى قايتا تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىنسانىيەت ئىلمى ھەقىقەتنى قوغلىشىپ داۋاملىق ئالغا باسالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق ئىلىم يولىدا ئىزلەنگۈچى كىشى نۆۋەتتىكى ئىلمى تەتقىقات ۋەزىيىتىنىڭ ئالدىدا مېڭىشى، ئىلمى تەتقىقات ساھەسىدە قولغا كەلگەن يېڭى نەتىجىلەرنى تولۇق ئىگەللەپ، ئۇنىڭ قانچىلىك سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇشى لازىم. ئاندىن ئۆزىنىڭ مۇشۇ سەۋىيىنى بۆسۈپ ئۆتۈش نىشانىسىنى ئېنىق بەلگىلىيەلەيدۇ ۋە شۇ يولدا ئىزدىنىدۇ.

بەزى ئوقۇغۇچىلار رېپارات يېزىشتا "يېڭى ئىجادى كۆز قاراش قويالماي خەقنىڭ دېگىنىنى تەكرارلاپ قويارمەنمىكىن" دەپ ئالدىنقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشتىن ئەندىشە قىلىدۇ. بۇ خىل ئەندىشە پۈتۈنلەي ھاجەتسىز. بۇ يەردىكى تۈپكى مەسىلە شۇكى، ئالدىنقىلارنىڭ ئېلان قىلغان يېڭى كۆز قاراش ۋە يېڭى چۈشەنچىلىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاش، يېڭىدىن يېڭىنى يارىتىش، كىچىكتىن چوڭنى، ئازدىن كۆپنى يارىتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىنقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقىغاندا ئۇزەكى ھالدا، ئوقۇش ئۈچۈن ئوقىماي، جاپاغا چىداپ چوڭقۇر تەھلىل قىلىش، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر مەسىلىگە مۇستەقىل ۋە ئىجادى پىكىر قىلىش، بۇنىڭدا باشتىن ئاخىر ماركسىزملىق مەيدان، ئۇسۇل، نۇقتىنەزەردە چىڭ تۇرۇش لازىم.

ماتېرىيال تويلاشتا دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، كاپىيەن تۇر

غۇزۇش ۋە ئوقىغان كىتاپتىن خاتىرە قالدۇرۇش لازىم. بۇ رېپارات يېزىشتا جۈملىدىن ئىلمىي تەتقىقات ئىشىدا كام بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى. بەزى ئوقۇغۇچى-لار بۇ ئىشقا ئانچە ئادەتلەنمىگەن. كاپىيەن تۇرغۇزۇشتىن مەقسەت ئوقىغان مۇھىم ماتېرى-يالنى ياكى شۇ ماتېرىيال ئىچىدىكى لازىم بولىدىغان مۇھىم قىسمىنى كۆچۈرۈۋېلىشتىن ئىبارەت، چۈنكى بىر پارچە رېپارات ئۈچۈن تۇرغۇن كىتاپلارنى ئوقۇشتا، تۇرغۇن ماتېرى-يالنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. رېپارات يازغاندا كۆرگەن كىتاپ ۋە پايدىلىنىدىغان ما-تېرىيالنىڭ ھەممىسىنى ئالدىغا ئېچىپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس. كاپىيەن ئارقىلىق ماتېرى-يال توپلىغاندا ئىشلىتىشكە ئاسان بولىدۇ. كاپىيەن تۇرغۇزغاندا شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، كىتاپتىكى مۇھىم ستاتلارنى كاپىيەنگە خاتىرىلىگەندە، خاتىرىلىگۈچى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئارىلاشتۇرماسلىقى، كىتاپتا نېمە بولسا شۇنى سادىقلىق بىلەن خاتىرىلىشى لازىم. ئەگەر ماتېرىيال ئۇزۇن بولۇپ قىسقارتىپ كۆچۈرۈۋېلىشقا (ئۈزۈۋېلىشقا) مۇمكىن بولمىغان-دا بىر نەچچە كاپىيەنگە كۆچۈرۈلسە بولىدۇ. ئەمما تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم.

1) كاپىيەن تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدىغان ۋاقىتتا ئەسلى ماتېرىيالنىڭ ھەممىسىنى كۆرمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ھەر بىر كاپىيەنگە چوقۇم بەلگە قويۇش ياكى دېتى بويىچە نومۇر سېلىش لازىم. بۇنداق قىلغاندا تۈرگە ئايرىش، مەزمۇن بويىچە رەتكە تۇر-غۇزۇش ئوڭاي ۋە ئېنىق بولىدۇ.

2) ستاتىنى كۆچۈرۈۋالغاندىن كېيىن كاپىيەنگە قايسى كىتاپ، قەيەردە قانچىنچى قېتىم نەشىر قىلىنغان، كىمنىڭ، نەچچىنچى بەت قاتارلىقلارنى ئېنىق ئەسكەرتىپ قويۇش لازىم.

3) كاپىيەنىڭ ئاق، بوش قالغان يېرىدە باشقا ماتېرىيالنى ئۇلاپ يېزىپ قو-يۇشقا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىنسا بەزىدە زور قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

خاتىرە قالدۇرۇش رېپارات يېزىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بىرەر كىتاپ ياكى بىرەر پايدىلىنىش ماتېرىيالنى ئوقىغاندا، ئۆزىنىڭ تەسىراتى ۋە پىكى-رىنى خاتىرىلەپ قويۇشقا، ئوخشىمايدىغان تونۇش، ئوخشىمايدىغان كۆز قاراش ۋە يەكۈنى-نى خاتىرىلەپ قويۇشقا قارىتىلغان. بۇنداق قىلغاندا ئوقىغان ماتېرىيالنىڭ ئاساسىي مەزمۇ-نى ۋە بۇ ماتېرىيالنى ئوقۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىدا تۇغۇلغان يېڭى كۆز قاراش ۋە يەكۈن ئېسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. خاتىرە قالدۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەقسەت خام ماتېرىيال توپلاش بولۇپ، كاپىيەندە شۇ مەزمۇندىكى ستات كۆچۈرۈۋېلىنغان بولسا، كاپىيەننى ئىش-لەتسىمۇ بولىدۇ. بىراق كاپىيەن خاتىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى خاتىرە ئالى-قاچان ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇنى ئەسلى ماتېرىيال سۈ-پىتىدە ستات قىلغىلى بولمايدۇ.

## 4. ماتېرىيال تاللاش

رېپاراتقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئىنچىكىلىك

بىلەن تاللاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا توپلانغان ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئەڭ مۇھىملىرىنى تاللىۋېلىپ يىغىنچاقلاش، ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىرىنى تاللاپ چىقىرىۋېتىش دېگەنلىك.

ماتېرىيال توپلاپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر تاللاش ئېلىپ بېرىلمىسا، نۇرغۇن ماتېرىيال ئىچىدىن رېپوراتنىڭ مۇھاكىمە نۇقتىسىنى تاللىۋېلىش، شۇنداقلا قايسى ماتېرىيالنى ئېلىپ، قايسىسىنى چىقىرىۋېتىش، قايسىسىنى قىسقارتىش، تاللىۋالغان ماتېرىيالنى قانداق يىغىنچاقلاش قاتارلىق ئىشلاردا ئامالسىز حالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن رېپورات تېمىسىنى يېزىپ چىقىشتىمۇ گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ.

شەيئىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىش، شۇ ئاساستا تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا ماتېرىيال تاللاشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىش شەيئىلەرنى بىر-بىرىگە چەكسىز باغلاش ۋە چەكسىز سېلىشتۇرۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. چۈنكى ھەر بىر شەيئىنى سىرتتىن ئوراپ تۇرغان نۇرغۇن ئامىل بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەر ۋە پايدىلىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ماتېرىياللار بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتسە چىقىش تەس. شۇڭا رېپورات يېزىشتا مۇناسىۋىتى ئەڭ زىچ ماتېرىياللارنى نۇقتىلىق ئىزدەش — تاللاش، سېلىشتۇرۇش لازىم. بۇ تاللاش، سېلىشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش، رېپوراتنىڭ مۇھاكىمە نۇقتىسى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىش لازىملىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم.

## 5 . كۆز قاراشنى تىكلەش

كۆز قاراش دېگىنىمىز ئاپتورنىڭ رېپوراتتا مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكچى بولغان مەسىلىگە قارىتا ئاساسلىق كۆز قارىشى، كۆز قاراش ئەمەلىي ماتېرىياللارنى كونكرېت تەھلىل قىلغاندىن كېيىن كېلىپ چىقىدۇ. ماتېرىيال تاللاش جەريانىدا چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزگەندە ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاز بولمىغان مەسىلىلەرنى ھېس قىلىپ، ئۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن مەلۇم كۆز قاراش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يازماقچى بولغان رېپوراتنىڭ كۆز قارىشىنى تەدرىجىي تەشكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. كۆز قاراشنى تىكلەشتىن بۇرۇن ماتېرىيال ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق كۆز قاراش تىكلەنگەندىن كېيىن كۆز قاراش ئاساسى ئورۇنغا ئۆتۈپ، پۈتۈن ماتېرىيالغا قوماندانلىق قىلىدۇ. شۇ كۆز قاراشنىڭ قوماندانلىقىدا ماتېرىياللار رەتلىنىپ، شۇ كۆز قاراش ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغان ماتېرىيال شاللاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا كۆز قاراش ئېنىق بولۇشى، توغرا بولۇشى، ھەرگىز مۇجمەل بولماسلىقى لازىم. چۈنكى كۆز قاراش ئىسپاتلاشنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ، كۆز قاراش خاتا بولىدىكەن ئىسپاتلاش ۋە ئىسپات ئارقىلىق چىقىرىلغان ئاخىرقى يەكۈن خاتا بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇنجى قېتىم رېپورات يازغانلىقى ئۈچۈن توپلىغان ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىپ رەتكە تۇرغۇزۇش جەريانىدا ئۆزىدە پەيدا بولغان تەسىرات ۋە

ئوي - پىكىر باشقىلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان دېيىلىپ بولغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنىدىن چوڭقۇرراق، ئەتراپلىقراق دېيىلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاتتىق مەيۇسلىنىدۇ — دە، بىرەر يېڭى، ئىجادىي پىكىرنى كۆتۈرۈپ چىقالماسمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ بېشى قاتىدۇ. بۇ نورمال ھادىسە، تۇنجى قېتىم رېپارات يازغۇچىنىڭ ئەسىردە مۇھىم يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق بولمىسىمۇ كېرەك يوق. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ھەرگىز كەمسىتمەسلىك لازىم. ئەگەر ئۆزىنىڭ - رېپاراتىدا يورۇتۇپ بەرمەكچى بولغان مەركىزى ئىدىيىنى ھەل قىلىپ بېرەلەيدىغان ئېسىل پىكىر باشقىلارنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىدە ئاللىقاچان ئىپادىلەنگەن بولسا، ئاپتور ئۇ ئېسىل پىكىرنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى ئارقىلىق ھەزىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمىلى بىلىمىگە ئايلاندۇرۇپ، قايتا پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆز كاللىسىدا پىششىقلاپ ئىشلەپ چاققان، ئەپچىل، قايىل قىلارلىق ماقالىغا ئايلاندۇرالىسا، ئۇنىڭمۇ بەلگىلىك ئىلمى قىممىتى بولىدۇ. ئۇمۇ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش يولىدا چېنىقىش مەقسىدىگە يەتكەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى ياخشى، مۇھىم ئوي - پىكىر نۇرغۇن ماقالە - ئەسەرلەردە پارچە - پۇرات چېچىلىپ يۈرگەن ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەگەر ئاپتور ئۇنى ھېس قىلىپ تاللاپ چىقالىسا، قايتىدىن بىرلەشتۈرۈپ بىر سىستېمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقسىمۇ بولىدۇ. بۇمۇ ئاسان ئەمەس. پەقەت مېڭىسىنى ھەقىقى ھالدا ئىشلىتىپ جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرگەندىلا بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا باشقىلارنىڭ پىكىرىنى ۋە قەيەردىن ئېلىنغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتىپ قويۇش لازىم. ھەرگىز باشقىلارنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماي ئىجادى ئىشلەش كېرەك.

باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرىدىن ئىجادى پايدىلانغاندا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بىرىنچى، باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرگە قوشۇلۇش، ئەمما رېپارات يازغۇچىنىڭ مۇستەقىل تەسىراتى بولۇش. ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنى باشقا تەرەپتىن تولۇقلاش، يېڭى سەۋەب ۋە يېڭى ئاساسنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ كۆز قارىشىنى بېيىتىش. ئىككىنچى، رېپارات يازغۇچىنىڭ كۆز قارىشى باشقىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان شۇ خىلدىكى كۆز قاراش بىلەن ئوخشىمىسا، ئىلمى مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەۋەب ۋە ئاساسلىرىنى تولۇق شەرھلەپ چۈشەندۈرۈش. ئۈچىنچى، باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراش ۋە پىكىرنىڭ قوزغۇتىشى، ئىلھامى بىلەن شۇ كىشى تېخى ھېس قىلمىغان، ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئۈلگۈرمىگەن يېڭى ساھە، يېڭى كاتېگورىيە ۋە يېڭى كۆز قاراش بولسا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەنە شۇ باشقىلارنىڭ شۇ ساھەدىكى مەلۇم نەزەرىيىۋى كۆز قارىشىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە تولۇقلاپ بېيىتىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىجادىيەت. ئەمما مۇھاكىمە داۋامىغا ئۇيغۇن بولۇشى، يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ۋە پىكىر تولۇق ئاساس ۋە دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن ئىسپاتلىنىشى لازىم.

## 6 - رېپارات يېزىشنى رەسمىي باشلاشتىن بۇرۇن تېزىس تۈزۈۋېلىش لازىم

ماتېرىياللارنى بىر - بىرىگە باغلاش، سېلىشتۇرۇش جەريانىدا قەدەممۇ - قەدەم نۇرغۇن

كۆز قاراش شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىن رېپاراتنىڭ باشتىن بويىغا سىڭدۈرۈلىدىغان ئاساسى
كۆز قاراش تاللىۋېلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، شۇ كۆز قاراشنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ماتېرى-
ياللار رەتلىنىپ رېپاراتنىڭ تېزىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا ئاساس يارىتىلىدۇ.

تېزىس - رېپاراتنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى. ئۇ، تەپەككۇر يولىنى راۋانلاشتۇرۇشقا، رېپا-
رات قۇرۇلۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، ماتېرىياللارنى ماددىلىرى ئېنىق، پىكىر
تەرتىپى روشەن بولغان بىر سىستېمىغا ئايلاندۇرىدۇ.

تېزىس تۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ مەسىلىگە ئەتراپلىق قاراشتا، ئەتراپلىق پىكىر
يۈرگۈزۈشكە پايدىلىق، ئەگەر پۈتۈن رېپاراتنىڭ ئالدىن تېزىسى تۈزۈلمىسە پىكىر چېچىلىپ
كېتىپ رېپاراتنىڭ مەزمۇنى ئىگىز - پەس بولۇپ چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ.

تېزىس تۈزۈشتە بىر پۈتۈنلىكنى (ئومۇملۇقنى) چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ھەر بىر بۆ-
لەكنىڭ ئومۇملىقتا ئىگىلەيدىغان ئورنى، ئوينايدىغان رولى، ھەجمى ۋە ئۇلار مۇناسىپ ھالدا
بىر - بىرىگە ماس كېلەمدۇ — يوق، ھەر بىر بۆلەك ئارىسىدىكى نىسبەت ئۆز - ئارا ماسلى-
شامدۇ — يوق، بۆلەكلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇملىق ئۈچۈن، مەركىزى ئىدىيە ئۈچۈن خىزمەت
قىلامدۇ — يوق دېگەندەك ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش لازىم.

تېزىس تۈزۈش جەريانىدا ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاش، قىسقارتىش، ئالماشتۇرۇش،
سەپلەش خىزمىتىنى ئىشلەش زۆرۈر. مەركىزى ئىدىيىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ماتېرىياللارنى
سىناپ كۆرۈش، تاللانغان ماتېرىياللارنى نەگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى بەلگىلەش لازىم. تەتقىق
قىلىش جەريانىدا پايدىلانغان، ئويلىغان، ئىگىلىگەن كۆز قاراش ۋە ماتېرىياللارنىڭ ھەم-
مىسىنىلا رېپاراتتا كىرگۈزۈش ھاجەتسىز. رېپارات پەقەت ئەڭ تاللانغان، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ
مېغىزلىق، ئەڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە كۆز قاراش ۋە پاكىتتىن تەركىپ تېپىشى لازىم.

## 7 - رېپاراتنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى

رېپاراتنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى باشقا تەتقىقات خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلۇش
شەكلىگە ئوخشاش ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ. بىرىنچى، مۇقەددىمە، ئىككىنچى، ئاساسى گەۋدە،
ئۈچىنچى يەكۈندىن ئىبارەت.

رېپاراتنىڭ مۇقەددىمىسى ئۇنىڭ مەقسىدى ۋە ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنى چۈ-
شەندۈرۈپ، ئاساسى تېما ۋە بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇشتۇرۇش لازىم.
بۇ قىسىمنىڭ پۈتۈن رېپاراتتا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى ئەڭ ئاز بولۇشى، يىغىنچاق، قىسقا،
راۋان، چۈشىنىشلىك يېزىلىشى لازىم.

رېپاراتنىڭ ئاساسى گەۋدىسى تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ تولۇق ۋە تەپسىلى بايانى بو-
لۇپ، بۇ قىسىمدا مۇقەددىمىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ تولۇق
ئىسپاتلىنىدۇ، ئاپتور ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىنى شەرھىلەيدۇ. ئاساسى گەۋدى-
نىڭ پۈتۈن رېپاراتتا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى ئەڭ زور بولىدۇ. شۇڭا زور كۈچ سەرپ

قىلىپ بۇ قىسمىنى ياخشى يېزىش لازىم.

يەكۈن — رېپاراتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمى بولۇپ، بۇ ئاساسى قىسمىدا مەسىلىنى تەھلىل قىلىش ۋە كۆز قاراشنى ئىسپاتلاشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. رېپارات يازغاندا مۇقەددىمە بىلەن ئاساسى گەۋدە ۋە يەكۈننى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇش لازىم. يەكۈننىڭ رېپاراتتا ئىگەللىگەن نىسبىتى ئانچە چوڭ بولمايدۇ. ئەمما يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان، يىغىنچاقلانغان بولىدۇ.

رېپاراتنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى قېتىپ قالغان ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس. ئەمەلى يېزىش جەريانىدا تېما خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئاپتور تاللىغان ئىسپات (پاكىت)نىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ھەر خىل، ھەر ياڭزا قۇرۇلۇش شەكلىنى قوللىنىش مۇمكىن. بەزى تېمىنى بىر نەچچە ئۇششاق مەسىلىلەرگە بۆلۈپ ئايرىم - ئايرىم شەرھىيلەپ بايان قىلىپ، ئاندىن ئومۇملاشتۇرۇپ بىر يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن. بەزىدە ئالدى بىلەن يەكۈن چىقىرىۋېلىپ، ئاندىن شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىش تەرتىۋىنى ئېنىقلىۋېلىپ، ئاندىن تەرتىپ - باسقۇچ بويىچە شەرھىيلەپ بايان قىلىش مۇمكىن، بەزىدە مەلۇم مەسىلىگە رەددىيە بېرىپ، ئۇنىڭغا قارىمۇ - قارشى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ياكى ئالدى بىلەن رەت قىلىپ، ئاندىن پاكىت - دەلىل ئارقىلىق ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاپ، شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ توغرا كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىش مۇمكىن.

ئەمما قايسى خىلدىكى شەكىل قوللىنىلمىسۇن، ئاپتور شەرھىلىگەن بايانىنىڭ مەقسىدى چۈشىنىشلىك، كۆز قارىشىنى ئىسپاتلاش جەريانى ئېنىق ۋە بۇ ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان يەكۈن گەۋدىلىك بولۇشى لازىم.

## 8 - رېپارات يېزىش ۋە ئۆزگەرتىش

تىزىس تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى رەسمى يېزىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن ماتېرىيال كاپىيەلىرىنى تىزىس پىروگىراممىسى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ تەييارلاش لازىم. بۇ چاغدا رېپاراتنىڭ دائىرىسى ۋە ئاساسى مەزمۇنى ئايدىڭلىشىدۇ — دە، كېيىنكى قەدەمدە رەسمى قەلەم تەۋرىتىپ دەسلەپكى نۇسخىنى يېزىپ چىقىشقا بىر قەدەر تولۇق ئاساس يارىتىلىدۇ. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئورۇندىكى قوشۇمچە مەزمۇنلىرىنى يېزىپ چىقىشتا ھەم شۇ ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

رېپارات يېزىش جەريانىدا ئۇنىڭ نەزىرىيىۋىلىكىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن رېپاراتنىڭ ئاساسى قىسمى بىلەن ئۇنىڭغا يانداش قوشۇمچە قىسىملىرى، كۆز قاراش بىلەن ئىسپات، نەزىرىيە بىلەن ئەمەلىيەت، مۇھاكىمە بىلەن يەكۈن بىرلەشتۈرۈلۈشى، ئىسپات كۈچلۈك لوگىكىلىققا ئىگە بولۇشى لازىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆز قاراش بىلەن ئاساس مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

كۆز قاراش دېگىنىمىز ئاپتورنىڭ بىرەر مۇھىم مەسىلىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسى ۋە ئىدىيىسىگە قارىتىلغان. ئۇ ئىسپاتلاشنىڭ ئوبيېكتى، ئاساس بولسا كۆز قاراشنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت ۋە داۋىلىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كۆز قاراشنىڭ تىكلىنىشىدىكى بىردىن بىر ئامىل. شۇڭا ھەر قانداق كۆز قاراش پەقەت ئاساس ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ ۋە ئاساس ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. رىپاراتتا ئىلمىي تەھلىل ۋە ئىسپاتلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق گادىرماش، مۇرەككەپ شەيئىلەر ئارىسىدىن كەڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ، مەركىزىي ئىدىيە (باش تېما)نى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش لازىم.

بەزى ئوقۇغۇچىلار رىپاراتنىڭ ئاساسى قىسمى بىلەن قوشۇمچە قىسمىنى زىچ باغلاشتۇرالمايدۇ؛ ئۇلار كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا بىر نەچچە مىسال كەلتۈرۈپ قويۇش بىلەن ئىشنى تاماملىماقچى بولىدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئەمەلىي پاكىت - دەلىللەر بىلەن باسقۇچلۇق ھالدا ئىسپاتلاش ئېلىپ بارمايدۇ. نەتىجىدە رىپارات قۇرۇق، چېچىلاڭغۇ، ھېچقانداق قايىل قىلىش كۈچى يوق تۇترۇقسىز قۇرلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن رىپاراتتا مەلۇم كۆز قاراشنى تۇتقا قىلىش ۋە ئۇنى شەرھلەش لازىم. بۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئېنىق كۆز قارىشى بولۇشى زۆرۈر. قايتا - قايتا تەھلىل قىلىنغاندىن كېيىن تاللاشتىن ئۆتكەن ۋە مۇقىملاشتۇرۇلغان كۆز قاراش جانلىق پاكىت ۋە ئاساسلار ئارقىلىق قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئىسپاتلىنىپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇ جەرياندا ئاساس بىلەن كۆز قاراش زىچ بىرلەشتۈرۈلىدۇ، ماتېرىياللارنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان، كاللىسىغا كەلگەننى يېزىۋېرىدىغان، پارچە - پۇرات ھېسسىياتى بىلەن تولدۇرۇلغان نەرسە رىپارات ھېسابلانمايدۇ.

رىپارات يېزىش جەريانىدا يەنە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىگە قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم. مەزمۇن دېگىنىمىز - باش تېما (مەركىزىي ئىدىيە) بىلەن ماتېرىيالنىڭ بىرلىكىگە قارىتىلغان. شەكىل دېگىنىمىز - رىپاراتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ تىلىغا قارىتىلغان. بىر پارچە ياخشى يېزىلغان رىپاراتنىڭ پىكىر تەرتىۋى ئوچۇق، ھەر قايسى قىسىملىرى ئۆز - ئارا ماسلاشقان، تىلى توغرا، جۈملە قۇرۇلۇشلىرى ساغلام، راۋان، چۈشىنىشلىك، ئىخچام، جانلىق، ئىپادىلەش ئۇنۇمدارلىقى يۇقىرى، جەلپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ. ياكى شۇنداق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

رىپاراتنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتا تەكشۈرۈپ ئەستايىدىل تۈزىتىش كېرەك. ئادەتتە ھەر قانداق ئەسەر تۈزىتىش ئۆتكىلىدىن چوقۇم ئۆتۈشى لازىم. كۆپ ساندىكى ياخشى ماقالە - ئەسەرلەر قايتا - قايتا ئۆزگەرتىش، قايتا - قايتا پىششىقلاش ۋە سىلىقلاشتۇرۇشنىڭ مەھسۇلى. بولۇپمۇ رىپارات يېزىشنى ئەمدىلا باشلىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنى ئەستايىدىل ئۆزگەرتىپ تۈزىتىشى ۋە تۈزىتەلەيدىغان ئىشەنچ، چىدام، غەيرەت بولۇشى، شۇنداقلا زور تىرىشچانلىق ئارقىلىق رىپاراتنى ياخشى يېزىپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشى لازىم. قانداق تۈزىتىشى كېرەك؟

ئالدى بىلەن سۆز - جۈملىلەرنى تۈزىتىشتىن باشلاش كېرەك، چۈنكى، رېپاراتنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى يازغاندا كاللىدىكى نەرسىلەرنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، جۈملە قۇرۇلمىسىغا، سۆزنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمدارلىقىغا، سىلىقلىقىغا ۋە ئىملا قائىدىسىگە ئانچە دىققەت قىلىنمايدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتە نۇرغۇن نۇقسانلاردىن ساقلىنىش تەس. ئالدى بىلەن شۇلارنى تۈزىتىش زۆرۈر.

ئاندىن كېيىن رېپاراتتىكى پىكىر قاتلاملىرى (تەرتىۋى) نىڭ ئېنىق بولغان بولمىغانلىقى، يەنى ماۋزۇ، باپ، پاراگىراپ، ماددىلار، ئابزاسلاردىكى ئىپادىلەنگەن پىكىرلەر ئوچۇقمۇ - ئەمەس؟ باش ئاخىرىدا زىددىيەتلىك جايلار بارمۇ - يوق؟ بولۇپمۇ كۆز قاراش بىلەن ئاساس بىردەكمۇ ئەمەس؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئىنچىكە تەكشۈرۈش ۋە تۈزۈتۈش لازىم. بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېپاراتى كىلەڭسىز، پىكىرى چېچىلاڭغۇ بولۇپ قېلىشتىكى تۈپكى سەۋەپ، ئۇنىڭدا قوشۇمچە مەزمۇن كۆپ، ئاساسى گەۋدە ئاجىز ۋە كىچىك، پىكىر قاتلاملىرى ئوچۇق ئەمەس. ھەم قالايمىقان، كۆز قاراش بىلەن ئۇنى ئىسپاتلايدىغان ئاساس بىردەك ئەمەس، ئالدى - ئارقىسى باغلانمايدۇ. زىددىيەتلىك پىكىرلەر كۆپ. بەزى ۋاقىتدا ئاپتور بۇ نۇقسانلارنى ئاسان سىزىۋالمايدۇ. ئەمما باشقىلار كۆرۈۋالالايدۇ. شۇڭا ئاپتور ئۆزى قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ تۈزەتكەندىن كېيىن، باشقىلارغا بولۇپمۇ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ پىكىرى ئارقىلىق ئەستايىدىل تۈزىتىشى لازىم. بەزى ئوقۇغۇچىلار بۇ جەھەتتە ئۆزى كۈچ چىقارماي، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىغا يۆلىنىۋالىدۇ. بۇ شۇ ئوقۇغۇچى ئۈچۈن زور زىيان.

رېپاراتنى قايتا ئۆزگەرتىپ تۈزىتىش ئىشى ناھايىتى زور كۈچ ۋە كۆپ ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم ئىش. شۇڭا ئىمكان قەدەر بالدۇر تۇتۇش قىلىپ، دەسلەپكى نۇسخىنى بالدۇراق قولدىن چىقىرىپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ۋە باشقىلارنىڭ پىكىرىنى ئېلىش لازىم. بەزى ئوقۇغۇچىلار ۋاقىت قىستاپ كەلگەندە، نەچچە قېتىم سۈيلىگەندە ئاندىن دەسلەپكى نۇسخىنى تاپشۇرىدۇ. نەتىجىدە ئۆزگەرتىشكە ۋاقىت يەتمەي يېرىم ياتا بىر نىمە بولىدۇ. بۇنداق قىلىشقا يول قويماسلىق لازىم.

## ٩ - رېپاراتنى مۇزاكىرە قىلىپ باھالاپ بېكىتىش

رېپاراتنىڭ يېزىلىپ پۈتكەن دەسلەپكى نۇسخىسىنى ئاپتور ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ پىكىرى بويىچە قايتا - قايتا تۈزەتكەندىن كېيىن، ئاققا كۆچۈرۈپ، مۇزاكىرە قىلىپ باھالاپ بېكىتىشكە سۇنۇش كېرەك.

مۇزاكىرە جەريانىدا بەزى مەسىلىلەر ۋە ئۇ مەسىلىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش توغرىسىدا مۇنازىرە بولىدۇ. شۇڭا ئاپتور مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قارىشى ۋە كۆز قارىشىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت ئاساسلىرى توغرىسىدا ئوبدان تەييارلىق قىلىپ قويۇشى، مۇزاكىرىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ پىكىرىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشى زۆرۈر.

رېپاراتنى مۇزاكىرە قىلىپ باھالاپ بېكىتىش ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان مەسىلىلەر سوئاللار شۇ رېپاراتنىڭ ئىلمى دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى ئاپتور چوقۇم بىلىشكە ۋە تەييارلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسى مەسىلىلەر، بەزىلىرى ئاپتور ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەن ئاجىز ھالقىلار، يەنە بەزىلىرى ئاپتور ھېس قىلمىغان مەسىلىلەر بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىلەرگە ئاپتور شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە جاۋاپ بېرىش - بېرەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق ياخشى ياردەم ۋە يېتەكچىلىك بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

مۇزاكىرىدىن كېيىن ئاپتور ئۆزىنىڭ رېپاراتىغا بېرىلگەن باھانى ئەستايىدىل كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشى، كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىشى، يېزىش جەريانىدىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى ئوبدان يەكۈنلىشى، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارى ۋە ئۇسۇلىدىكى ئىلگىرلەش ھەمدە يېتەرسىزلىكلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قابىلىيىتىنى پەيدىن - پەي چېنىقتۇرۇپ، ئۇنىۋالنى ياخشىلاپ كېيىنكى ئىلمى تەتقىقات ئىشىدا ئەينەك قىلىشى لازىم.

رېپارات ئەڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈش، مۇزاكىرە ۋە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەگەر ۋاقىت يار بەرسە ئوتتۇرىغا چۈشكەن پىكىرلەر ئاساسىدا رېپاراتنى قايتا تۈزىتىپ، ئاندىن چىرايلىق كۆچۈرۈپ تاپشۇرۇش كېرەك.

# ئېتنوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە

## شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات پاكۇلتېتى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىشخانىسى

ئېتنوگرافىيە ئىجتىمائىي پەنلەر ئىچىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ياش پەنلەرنىڭ بىرى، ئۇ، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەن بىر قەدەر روناق تاپقان مەملىكەتلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە بىر ئىلىم سۈپىتىدە تەسىس قىلىنىپ، بۇ ساھەدە زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ 1878 - يىلى تۇنجى قېتىم ئەنگلىيىدە «ئېتنوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇلغاندىن ئېتىۋارەن، ئالدى بىلەن ياۋروپا ئەللىرىدە، كېيىن بىر قىسىم ئاسىيا ئەللىرىدە ئارقا - ئارقىدىن ئىلمىي تەتقىقاتلار قانات يېيىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئېلىمىزدە «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن بېيجىڭ داشۆ ۋە جۇڭشەن داشۆ قاتارلىق ئورۇنلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېتنوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيەتلىرى قۇرۇلۇپ، بۇ پەن ساھەسىدە بەلگىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، بۇ ئىلىمنىڭ بەزى تارماقلىرى خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى، (خەلق سەنئىتى، بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلار) جەھەتتە ئاز بولمىغان خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئېتنوگرافىيە ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس يارىتىلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يېڭى ئىلىم - پەن باھارىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىمۇ ئېتنوگرافىيە ئىلمىنىڭ يېڭى گۈللىنىش دەۋرى باشلاندى. 1979 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلىمىزنىڭ ئېتنوگرافىيە ئىلمىگە ئاساس سالغۇچى پېشقەدەم ئېتنوگراف، پىروفېسسور جوڭ جىڭۋېن ئەپەندىنىڭ «ئېتنوگرافىيە ۋە ئۇنىڭغا ئائىت تەتقىقات ئورگانلىرىنى قۇرۇش ھەققىدە تەشەببۇسنامە» سى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 1980 - يىلىدىن ئېتىۋارەن ھەرقايسى جايلاردا بىر قىسىم ئېتنوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيەتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ھازىرغىچە 13 ئۆلكە ئاپتونوم رايون، 20 دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپلەردە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئېتنوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيەتلىرى قۇرۇلۇپ، «جۇڭگو ئېتنوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ماسلاشتى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە غەمخورلۇقى ئاستىدا ئۆز رايونلىرىنىڭ

ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىدا جانلىق ئىلمىي ھاۋا ياراتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىزدە ئېتنوگرافىيە ئىلمىنىڭ مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىسىمۇ كېڭىيىشكە باشلىدى. يالغۇز خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى، خەلق سەنئىتى، ئېتىقات، ئۆرپ - ئادەت، مۇراسىملارغىلا دىققەت قىلىپ قالماستىن، بەلكى خەلقنىڭ پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، خەلق ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئۆرپ - ئادەتلەر، خەلق ئىچىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە قاتلاملار، ئىدىيىۋى ئىشەنچ ۋە ئېتىقات شەكىللىرى، ھەر خىل ئىجتىمائىي ئالاقىلار ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرلىرى، خەلق ئىچىدىكى مىللەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، سوتسىئولوگىيە، گېئوگرافىيە، ھاۋا رايى، تېبابەتچىلىك قاتارلىق ئىلىم - پەن قۇرۇلۇشىغا ئائىت قاراشلار ... غىمۇ دىققەت قىلىندى. لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ئېلىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس جۇڭگوچە ئېتنوگرافىيە ئىلمىنىڭ بىر يۈرۈش مۇكەممەل نەزەرىيىۋى سىستېمىسى تېخى شەكىللەنگىنى يوق. ئېتنوگرافىيە ئىلمى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بىز بۇ جەھەتتە يەنىلا قالاق ۋە ئاجىز ھالەتتە تۇرماقتىمىز. گەرچە ئېلىمىزنىڭ لياۋنىڭ، جېجىياڭ، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدە ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى بىر قەدەر قانات يايدۇرۇلغان بولسىمۇ، قالغان ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردا تېخى كەڭ قانات يايمىغان. رايونىمىز شىنجاڭ ئەنە شۇنداق رايونلاردىن بىرى.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك چېگرا رايون بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ خەلق سەنئىتىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس غەزىنىسى ئىكەنلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. شىنجاڭنىڭ نامى خەلقارادا «ناخشا - ئۇسسۇل يۇرتى» دەپمۇ ئاتالغان. ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئالىمى مورگاننىڭ «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەرياسى تۈزلەڭلىكى ئاستىدا كۆمۈكلىكتۇر. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى مەلۇم بولغۇسىدۇر.» («يول - تۈزلار يۇرتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2 - بەت) دېگەن سۆزىمۇ بىزدە ئېتنوگرافىيە ئىلمىنى دەرھال يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز ئېلىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاش، ئېتنوگرافىيە ساھەسى بويىچە ئىلمىي تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشنىڭ بىر مۇنچە پايدىلىق ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگىمىز. يېتەكچى ئىدىيە ۋە فاڭجېن جەھەتتە بىزدە ماركسىزىم - لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيىسى بار؛ ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دانا رەھبەرلىكى ۋە ئۇنىڭ توغرا مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن سىياسىتى بار؛ مانا بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەن قۇرۇلۇشىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىڭ توپ كاپالىتى، شۇنداقلا ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىدىمۇ غەلىبە قازىنىشىمىزنىڭ توپ كاپالىتى. ماتېرىيال جەھەتتە، قەدىمقى دەۋرلەردە «يىپەك يولى»نىڭ تۈگۈنى بولۇپ قالغان شىنجاڭ - دۇنيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت بازىلىرىدىن بىرى. قەدىمقى يۇنان، رىم مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى مەركەز قىلغان خەنزۇ مەدەنىيىتى، بۇددىزىم ئاساسىدىكى ھىندى مەدەنىيىتى، كۇشان مەدەنىيىتى (قەندىھار مەدەنىيىتى)نىڭ تەسى -

ري بىلەن شىنجاڭدا ياشىغۇچى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئۆزىگە خاس پارلاق مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ياراتقان. قەدىمدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق يەرلىك خەلقى بولغان ئۇيغۇرلارنى ئالساق، ئۇ، 1500 يىلدىن ئارتۇق يېزىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت. تاكى «ئوغۇزنامە» ئېپوپېيەسى بارلىققا كەلگەن قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپ، «سىيىت نوچى» قىسسىسى يارالغان دەۋرلەرگىچە ئۆتكەن مىڭلارچە يىللار مابەينىدە ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىغا ئائىت ئىنتايىن باي قىممەتلىك ماتېرىياللار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەخمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇلغەتت - تۈرك» ئەسىرىدە، بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە، ئابۇ رەيھان بىرۇنىي «تارىخى تابارى» نىڭ ئاپتورى ئەبۇجەپپەر مۇھەممەت بىننى جەرىر تەبەرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، تارىخشۇناس جۇۋەينى (12 - ئەسىردە ياشىغان)، رەشىددىن (14 - ئەسىردە ياشىغان)، ئەبۇلغازى باھادىرخان (10 - ئەسىردە ياشىغان)، مىرزا ھەيدەر كوراگان (16 - ئەسىردە ياشىغان)، موسا سايرامى قاتارلىق ئالىم ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، جۇڭگو تارىخ مەنبەلىرىدىن «تارىخنامە» «خەننامە»، «جۇنامە»، «سۈي نامە»، «تاڭ نامە»، قاتارلىق باي مەنبەلەردە شۇنداقلا ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن خەلقنىڭ ئاغزاكى ئەسەرلىرىدە ساقلانغان. بۇلار بىزنىڭ ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىنى يولغا قويىشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغان پۈتمەس - تۈگىمەس غەزىنىدۇر. ھازىر ئېتنوگرافىيەدىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ مۇشۇ ئاق بوشلۇقىنى تولدۇرۇشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلدى. بىز ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىنى يولغا قويۇشنىڭ يوقۇرقىدەك پايدىلىق شەرت - شارائىتلىرىغا ئىگە بولۇپ تۇرۇغلۇق يەنە «كۆتۈپ تۇرۇش» پوزىتسىيىسىنى تۇتساق، مۇقەررەركى، رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. رايونىمىز ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى جەھەتتە، يالغۇز ئىنتايىن باي ماتېرىيال مەنبەگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئۆرپ - ئادەت ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى كۆزىتىشنىڭ پايدىلىق شەرت - شارائىتلىرىغا ئىگە، شۇڭا، ھەرقانداق - بانا سەۋەپلەر بىلەن بۇ ئىلىم قۇرۇلۇشىدىكى پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئېتنوگرافىيە ئىلمىنى تىكلەش - پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قەدىمقى ۋە ھازىرقى ئىجتىمائىي ھاياتىغا بولغان تونۇشىنى كېڭەيتىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ، ئىلمىي ئاساستىكى تونۇش تىكلىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ھەر قايسى خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيانىڭ ئىلىم - پەن تەتقىقات غەزىنىسىنى بېيىتىدۇ.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ «كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش» ھەققىدىكى چاقىرىقى تارىخى بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئالدىدىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا ئېتنوگرافىيە ئىلمىنىڭمۇ بىر ئۇلۇش ھەسسىسى بار ئەلۋەتتە. بىر سوتسىيالىستىك چوڭ مەملىكەت بولالىشىمىز ئۈچۈن 3- دۇنيا ۋە

2- دۇنياغا مەنسۇپ بولغان كەڭ خەلق ئاممىسى بىزگە تولىمۇ دىققەت - ئېتىۋار بىلەن قارىماقتا، ئۇلار ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى بىلىشكە بەكمۇ ئېھتىياجلىق. ئەگەر بىز ئىلمىلىكى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ھەممە كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئېتنوگرافىيە ئائىت ئەسەرلىرىمىز بىلەن ئۇلارنى تەمىنلىسەك، يالغۇز ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزگە بولغان چۈشەنچىسىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان يەنىمۇ چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغىيالايمىز. بۇ، نەتىجىسى زور بولغان بىر خىل خەلقارا تەشۋىقات، شۇنداقلا ئېتنوگرافىيە ئىلمىنىڭ بىر خىل رىيال رولىدىن ئىبارەت.

لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، رايونىمىزدا ئىزچىل ھالدا ئېتنوگرافىيە ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان مەخسۇس تەتقىقاتچىلار يوق دېيەرلىك، ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ۋە بەلگىلىك تەتقىقات ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئىلمىي خادىملار ئاز ئەمەس. رايونىمىزدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان شىنجاڭ داشۆ «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دىن كېيىنلا بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دەرسلىكىنى يولغا قويۇپ، بۇ ساھەدە خېلى زور قوشۇن يېتىشتۈرۈپ بېرەلىدى. بۇ ياش ئىلمىي كۈچلىرىنىڭ رولىغا ئەلۋەتتە سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. شىنجاڭ داشۆ يەنە ئېتنوگرافىيە دەرسىنى تەسىس قىلىش تەييارلىقىنى ئىشلىمەكتە. ئەپسۇسكى، ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھالقىلىق رول ئوينايدىغان مۇشۇنداق بىر مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقات پىلانىدىن تېخى مۇناسىپ ئورۇن ئالالمىدى. بىز شىنجاڭنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا، رايونىمىزدىكى ئېتنوگرافىيە ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەڭ ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئەمەلىي ياردەم بېرىدىغان ۋە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئاممىۋى ئىلمىي تەشكىلات - «شىنجاڭ مىللەتلەر ئېتنوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتى» نى 1986 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىم يىلى ئىچىدە رەسمىي قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. ھازىردىن باشلاپ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، شىنجاڭ ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەركىب تاپقان «تەييارلىق گۇرۇپپىسى» نى قۇرۇش زۆرۈر دەپ قارايمىز ۋە بۇ گۇرۇپپىنىڭ مەزكۇر ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇش لاھىيەسى ۋە نىزامنامىسىنى ئىشلەپ چىقىپ، مۇشۇ ساھەدىكى ئىلمىي خادىملارنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# هجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| هجرىيە يىل تەرتىۋى / مىلادىيە تەرتىۋى / ئايرىمىسى / هجرىيە ئاي تەرتىۋى | 631<br>1233-1234 | | | 632<br>1234 - 1235 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | هەپتە | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | هەپتە | |
| 1 | 7 | 10 | 6 | 26 | 9 | 3 | هەر ئىككى كالىندارنىڭ |
| 2 | 6 | 11 | 1 | 26 | 10 | 5 | كۈن، هەپتىلىرى ئوخشاش |

## هجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىۋى

| | |
|---|---|
| Əlmuḥərrəm | 1. ئەلمۇھەررەم |
| Səpər | 2. سەپەر |
| Rəbiul əwwəl | 3. رەبىئۇل ئەۋۋەل |
| Rəbiussani | 4. رەبىئۇسسانى |
| Jamadiyəl əwwəl | 5. جامادىيەل ئەۋۋەل |
| Jamadiyəl ahir | 6. جامادىيەل ئاخىر |
| Rəjəp | 7. رەجەپ |
| Xə'ban | 8. شەئبان |
| Ramazan | 9. رامازان |
| Xəwwal | 10. شەۋۋال |
| Zulḳə'də | 11. زۇلقەئدە |
| Zulḥijjə | 12. زۇلھەججە |

| 127 | 631<br>1233 - 1234 | 632<br>1234 - 1235 | 633<br>1235 - 1236 | 634<br>1236 - 1237 | 635<br>1237 - 1238 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 7 .10 .6 | 26 .9 .3 | 16 .9 .1 | 4 .9 .5 | 24 .8 .2 |
| 2 | 6 .11 .1 | 26 .10 .5 | 16 .10 .3 | 4 .10 .7 | 23 .9 .4 |
| 3 | 5 .12 .2 | 24 .11 .6 | 14 .11 .4 | 2 .11 .1 | 22 .10 .5 |
| 4 | 4 .1 .4 | 24 .12 .1 | 14 .12 .6 | 2 .12 .3 | 21 .11 .7 |
| 5 | 2 .2 .5 | 22 .1 .2 | 12 .1 .7 | 31 .12 .4 | 20 .12 .1 |
| 6 | 4 .3 .7 | 21 .2 .4 | 11 .2 .2 | 30 .1 .6 | 19 .1 .3 |
| 7 | 2 .4 .1 | 22 .3 .5 | 11 .3 .3 | 28 .2 .7 | 17 .2 .4 |
| 8 | 2 .5 .3 | 21 .4 .7 | 10 .4 .5 | 30 .3 .2 | 19 .3 .6 |
| 9 | 31 .5 .4 | 20 .5 .1 | 9 .5 .6 | 28 .4 .3 | 17 .4 .7 |
| 10 | 30 .6 .6 | 19 .6 .3 | 8 .6 .1 | 28 .5 .5 | 17 .5 .2 |
| 11 | 29 .7 .7 | 18 .7 .4 | 7 .7 .2 | 26 .6 .6 | 15 .6 .3 |
| 12 | 28 .8 .2 | 17 .8 .6 | 6 .8 .4 | 26 .7 .1 | 15 .7 .5 |

| 128 | 636<br>1238—1239 | 637<br>1239—1240 | 638<br>1240—1241 | 639<br>1241—1242 | 640<br>1242—1243 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 14 .8 .7 | 3 .8 .4 | 23 .7 .2 | 12 .7 .6 | 1.7.3 |
| 2 | 13 .9 .2 | 2 .9 .6 | 22 .8 .4 | 11 .8 .1 | 31.7.5 |
| 3 | 12 .10 .3 | 1 .10 .7 | 20 .9 .5 | 9 .9 .2 | 29.8.6 |
| 4 | 11 .11 .5 | 31 .10 .2 | 20 .10 .7 | 9 .10 .4 | 28.9.1 |
| 5 | 10 .12 .6 | 29 .11 .3 | 18 .11 .1 | 7 .11 .5 | 27.10.2 |
| 6 | 9 .1 .1 | 29 .12 .5 | 18 .12 .3 | 7 .12 .7 | 26.11.4 |
| 7 | 7 .2 .2 | 27 .1 .6 | 16 .1 .4 | 5 .1 .1 | 25.12.5 |
| 8 | 9 .3 .4 | 26 .2 .1 | 15 .2 .6 | 4 .2 .3 | 24.1.7 |
| 9 | 7 .4 .5 | 26 .3 .2 | 16 .3 .7 | 5 .3 .4 | 22.2.1 |
| 10 | 7 .5 .7 | 25 .4 .4 | 15 .4 .2 | 4 .4 .6 | 24.3.3 |
| 11 | 5 .6 .1 | 24 .5 .5 | 14 .5 .3 | 3 .5 .7 | 22.4.4 |
| 12 | 5 .7 .3 | 23 .6 .7 | 13 .6 .5 | 2 .6 .2 | 22.5.6 |

| 129 | 641<br>1243-1244 | 642<br>1244-1245 | 643<br>1245-1246 | 644<br>1246-1247 | 645<br>1247-1248 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 21 .6 .1 | 9 .6 .5 | 29 .5 .2 | 19 .5 .7 | 8 .5 .4 |
| 2 | 21 .7 .3 | 9 .7 .7 | 28 .6 .4 | 18 .6 .2 | 7 .6 .6 |
| 3 | 19 .8 .4 | 7 .8 .1 | 27 .7 .5 | 17 .7 .3 | 6 .7 .7 |
| 4 | 18 .9 .6 | 6 .9 .3 | 26 .8 .7 | 16 .8 .5 | 5 .8 .2 |
| 5 | 17 .10 .7 | 5 .10 .4 | 24 .9 .1 | 14 .9 .6 | 3 .9 .3 |
| 6 | 16 .11 .2 | 4 .11 .6 | 24 .10 .3 | 14 .10 .1 | 5 .10 .5 |
| 7 | 15 .12 .3 | 3 .12 .7 | 22 .11 .4 | 12 .11 .2 | 11 .1 .6 |
| 8 | 14 .1 .5 | 2 .1 .2 | 22 .12 .6 | 12 .12 .4 | 1 .12 .1 |
| 9 | 12 .2 .6 | 31 .1 .3 | 20 .1 .7 | 10 .1 .5 | 30 .12 .2 |
| 10 | 13 .3 .1 | 2 .3 .5 | 19 .2 .2 | 9 .2 .7 | 29 .1 .4 |
| 11 | 11 .4 .2 | 31 .3 .6 | 20 .3 .3 | 10 .3 .1 | 27 .2 .5 |
| 12 | 11 .5 .4 | 30 .4 .1 | 19 .4 .5 | 9 .4 .3 | 28 .3 .7 |

| 130 | 646<br>1248—1249 | 647<br>1249—1250 | 648<br>1250—1251 | 649<br>1251—1252 | 650<br>1252—1253 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 26 .4 .1 | 16 .4 .6 | 5 .4 .3 | 26 .3 .1 | 14 .3 .5 |
| 2 | 26 .5 .3 | 16 .5 .1 | 5 .5 .5 | 25 .4 .3 | 13 .4 .7 |
| 3 | 24 .6 .4 | 14 .6 .2 | 3 .6 .6 | 24 .5 .4 | 12 .5 .1 |
| 4 | 24 .7 .6 | 14 .7 .4 | 3 .7 .1 | 23 .6 .6 | 11 .6 .3 |
| 5 | 22 .8 .7 | 12 .8 .5 | 1 .8 .2 | 22 .7 .7 | 10 .7 .4 |
| 6 | 21 .9 .2 | 11 .9 .7 | 31 .8 .4 | 21 .8 .2 | 9 .8 .6 |
| 7 | 20 .10 .3 | 10 .10 .1 | 29 .9 .5 | 19 .9 .3 | 7 .9 .7 |
| 8 | 19 .11 .5 | 9 .11 .3 | 29 .10 .7 | 19 .10 .5 | 7 .10 .2 |
| 9 | 18 .12 .6 | 8 .12 .4 | 27 .11 .1 | 17 .11 .6 | 5 .11 .3 |
| 10 | 17 .1 .1 | 7 .1 .6 | 27 .12 .3 | 17 .12 .1 | 5 .12 .5 |
| 11 | 15 .2 .2 | 5 .2 .7 | 25 .1 .4 | 15 .1 .2 | 3 .1 .6 |
| 12 | 17 .3 .4 | 7 .3 .2 | 24 .2 .6 | 14 .2 .4 | 2 .2 .1 |

| 131 | 651<br>1253 - 1254 | 652<br>1254 - 1255 | 653<br>1255 - 1256 | '654<br>1256 | 655<br>1257 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 3 .3 .2 | 21 .2 .7 | 10 .2 .4 | 30 .1 .1 | 19 .1 .6 |
| 2 | 2 .4 .4 | 23 .3 .2 | 12 .3 .6 | 29 .2 .3 | 18 .2 .1 |
| 3 | 1 .5 .5 | 21 .4 .3 | 10 .4 .7 | 29 .3 .4 | 19 .3 .2 |
| 4 | 31 .5 .7 | 21 .5 .5 | 10 .5 .2 | 28 .4 .6 | 18 .4 .4 |
| 5 | 29 .6 .1 | 19 .6 .6 | 8 .6 .3 | 27 .5 .7 | 17 .5 .5 |
| 6 | 29 .7 .3 | 19 .7 .1 | 8 .7 .5 | 26 .6 .2 | 16 .6 .7 |
| 7 | 27 .8 .4 | 17 .8 .2 | 6 .8 .6 | 25 .7 .3 | 15 .7 .1 |
| 8 | 26 .9 .6 | 16.9 .4 | 5 .9 .1 | 24 .8 .5 | 14 .8 .3 |
| 9 | 25 .10 .7 | 15 .10 .5 | 4 .10 .2 | 22 .9 .6 | 12 .9 .4 |
| 10 | 24.11 .2 | 14 .11 .7 | 3 .11 .4 | 22 .10 .1 | 12 .10 .6 |
| 11 | 23 .12 .3 | 13 .12 .1 | 2 .12 .5 | 20 .11 .2 | 10 .11 .9 |
| 12 | 22 .1 .5 | 12 .1 .3 | 1 .1 .7 | 20 .12 .4 | 10 .12 .2 |

| 132 | 656<br>1258 | 657<br>1258 - 1259 | 658<br>1259 - 1260 | 659<br>1260 - 1261 | 660<br>1261 - 1262 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 8 .1 .3 | 29 .21 .1 | 18 .12 .5 | 6 .12 .2 | 26 .11 .7 |
| 2 | 7 .2 .5 | 28 .1 .3 | 17 .1 .7 | 5 .1 .4 | 26 .12 .2 |
| 3 | 8 .3 .6 | 26 .2 .4 | 15 .2 .1 | 3 .2 .5 | 24 .1 .3 |
| 4 | 7 .4 .1 | 28 .3 .6 | 16 .3 .3 | 5 .3 .7 | 23 .2 .5 |
| 5 | 6 .5 .2 | 26 .4 .7 | 14 .4 .4 | 3 .4 .1 | 24 .3 .6 |
| 6 | 5 .6 .4 | 26 .5 .2 | 14 .5 .6 | 3 .5 .3 | 23 .4 .1 |
| 7 | 4 .7 .5 | 24 .6 .3 | 12 .6 .7 | 1 .6 .4 | 22 .5 .2 |
| 8 | 3 .8 .7 | 24 .7 .5 | 12 .7 .2 | 1 .7 .6 | 21 .6 .4 |
| 9 | 1 .9 .1 | 22 .8 .6 | 10 .8 .3 | 30 .7 .7 | 20 .7 .5 |
| 10 | 1 .10 .3 | 21 .9 .1 | 9 .9 .5 | 28 .8 .2 | 19 .8 .7 |
| 11 | 30 .10 .4 | 20 .10 .2 | 8 .10 .6 | 27 .9 .3 | 17 .9 .1 |
| 12 | 29 .11 .6 | 19 .11 .4 | 7 .11 .1 | 27 .10 .5 | 17 .10 .3 |

| 133 | 661 1262—1263 | 662 1263—1264 | 663 1264—1265 | 664 1265—1266 | 665 1266—1267 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 15. 11.4 | 4. 11.1 | 24. 10.6 | 13. 10.3 | 2. 10.7 |
| 2 | 15. 12.6 | 4. 12.3 | 23. 11.1 | 12. 11.5 | 1. 11.2 |
| 3 | 13. 1.7 | 2. 1.4 | 22. 12.2 | 11. 12.6 | 30. 11.3 |
| 4 | 12. 2.2 | 1. 2.6 | 21. 1.4 | 10. 1.1 | 30. 12.5 |
| 5 | 13. 3.3 | 1. 3.7 | 19. 2.5 | 8. 2.2 | 28. 1.6 |
| 6 | 12. 4.5 | 31. 3.2 | 21. 3.7 | 10. 3.4 | 27. 2.1 |
| 7 | 11. 5.6 | 29. 4.3 | 19. 4.1 | 8. 4.5 | 28. 3.2 |
| 8 | 10. 6.1 | 29. 5.5 | 19. 5.3 | 8. 5.7 | 27. 4.4 |
| 9 | 9. 7.2 | 27. 6.6 | 17. 6.4 | 6. 6.1 | 26. 5.5 |
| 10 | 8. 8.4 | 27. 7.1 | 17. 7.6 | 6. 7.3 | 25. 6.7 |
| 11 | 6. 9.5 | 25. 8.2 | 15. 8.7 | 4. 8.4 | 24. 7.1 |
| 12 | 6. 10.7 | 24. 9.4 | 14. 9.2 | 3. 9.6 | 23. 8.3 |

| 134 | 666 1267—1268 | 667 1268—1269 | 668 1269—1270 | 669 1270—1271 | 670 1271—1272 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 22. 9.5 | 10. 9.2 | 31. 8.7 | 20. 8.4 | 9. 8.1 |
| 2 | 22. 10.7 | 10. 10.4 | 30. 9.2 | 19. 9.6 | 8. 9.3 |
| 3 | 20. 11.1 | 8. 11.5 | 29. 10.3 | 18. 10.7 | 7. 10.4 |
| 4 | 20. 12.3 | 8. 12.7 | 28. 11.5 | 17. 11.2 | 6. 11.6 |
| 5 | 18. 1.4 | 6. 1.1 | 27. 12.6 | 16. 12.3 | 5. 12.7 |
| 6 | 17. 2.6 | 5. 2.3 | 26. 1.1 | 15. 1.5 | 4. 1.2 |
| 7 | 17. 3.7 | 6. 3.4 | 24. 2.2 | 13. 2.6 | 2. 2.3 |
| 8 | 16. 4.2 | 5. 4.6 | 26. 3.4 | 15. 3.1 | 3. 3.5 |
| 9 | 15. 5.3 | 4. 5.7 | 24. 4.5 | 13. 4.2 | 1. 4.6 |
| 10 | 14. 6.5 | 3. 6.2 | 24. 5.7 | 13. 5.4 | 1. 5.1 |
| 11 | 13. 7.6 | 2. 7.3 | 22. 6.1 | 11. 6.5 | 30. 5.2 |
| 12 | 12. 8.1 | 1. 8.5 | 22. 7.3 | 11. 7.7 | 29. 6.4 |

| 135 | 671<br>1272—1273 | 672<br>1273—1274 | 673<br>1274—1275 | 674<br>1275—1276 | 675<br>1276—1277 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 29.7.6 | 18.7.3 | 7.7.7 | 27.6.5 | 15.6.2 |
| 2 | 28.8.1 | 17.8.5 | 6.8.2 | 27.7.7 | 15.7.4 |
| 3 | 26.9.2 | 15.9.6 | 4.9.3 | 25.8.1 | 13.8.5 |
| 4 | 26.10.4 | 15.10.1 | 4.10.5 | 24.9.3 | 12.9.7 |
| 5 | 24.11.5 | 13.11.2 | 2.11.6 | 23.10.4 | 11.10.1 |
| 6 | 24.12.7 | 13.12.4 | 2.12.1 | 22.11.6 | 10.11.3 |
| 7 | 22.1.1 | 11.1.5 | 31.12.2 | 21.12.7 | 9.12.4 |
| 8 | 21.2.3 | 10.2.7 | 30.1.4 | 20.1.2 | 8.1.6 |
| 9 | 22.3.4 | 11.3.1 | 28.2.5 | 18.2.3 | 6.2.7 |
| 10 | 21.4.6 | 10.4.3 | 30.3.7 | 19.3.5 | 8.3.2 |
| 11 | 20.5.7 | 9.5.4 | 28.4.1 | 17.4.6 | 6.4.3 |
| 12 | 19.6.2 | 8.6.6 | 28.5.3 | 17.5.1 | 6.5.5 |

| 136 | 676<br>1277—1278 | 677<br>1278—1279 | 678<br>1279—1280 | 679<br>1280—1281 | 680<br>1281—1282 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 4.6.6 | 25.4.4 | 14.5.1 | 3.5.6 | 22.4.3 |
| 2 | 4.7.1 | 24.6.6 | 13.6.3 | 2.6.1 | 22.5.5 |
| 3 | 2.8.2 | 23.7.7 | 12.7.4 | 1.7.2 | 20.6.6 |
| 4 | 1.9.4 | 22.8.2 | 11.8.6 | 31.7.4 | 20.7.1 |
| 5 | 30.9.5 | 20.9.3 | 9.9.7 | 29.8.5 | 18.8.2 |
| 6 | 30.10.7 | 20.10.5 | 9.10.2 | 28.9.7 | 17.9.4 |
| 7 | 28.11.1 | 18.11.6 | 7.11.3 | 27.10.1 | 16.10.5 |
| 8 | 28.12.3 | 18.12.1 | 7.12.5 | 26.11.3 | 15.11.7 |
| 9 | 26.1.4 | 16.1.2 | 5.1.6 | 25.12.4 | 14.12.1 |
| 10 | 25.2.6 | 15.2.4 | 4.2.1 | 24.1.6 | 13.1.3 |
| 11 | 26.3.7 | 16.3.5 | 4.3.2 | 22.2.7 | 11.2.4 |
| 12 | 25.4.2 | 15.4.7 | 3.4.4 | 24.3.2 | 13.3.6 |

| 137 | 681<br>1282—1283 | 682<br>1283—1284 | 683<br>1284—1285 | 684<br>1285—1286 | 685<br>1286—1287 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 11.4.7 | 1.4.5 | 20.3.2 | 9.3.6 | 27.2.4 |
| 2 | 11.5.2 | 1.5.7 | 19.4.4 | 8.4.1 | 29.3.6 |
| 3 | 9.6.3 | 30.5.1 | 18.5.5 | 7.5.2 | 27.4.7 |
| 4 | 9.7.5 | 29.6.3 | 17.6.7 | 6.6.4 | 27.5.2 |
| 5 | 7.8.6 | 28.7.4 | 16.7.1 | 5.7.5 | 25.6.3 |
| 6 | 6.9.1 | 27.8.6 | 15.8.3 | 4.8.7 | 25.7.5 |
| 7 | 5.10.2 | 25.9.7 | 13.9.4 | 2.9.1 | 23.8.6 |
| 8 | 4.11.4 | 25.10.2 | 13.10.6 | 2.10.3 | 22.9.1 |
| 9 | 3.12.5 | 23.11.3 | 11.11.7 | 31.10.4 | 21.10.2 |
| 10 | 2.1.7 | 23.12.5 | 11.12.2 | 30.11.6 | 20.12.4 |
| 11 | 31.1.1 | 21.1.6 | 9.1.3 | 29.12.7 | 19.12.5 |
| 12 | 2.3.3 | 20.2.1 | 8.2.5 | 28.1.2 | 18.1.7 |

| 138 | 686<br>1287 - 1288 | 687<br>1288 | 688<br>1289 | 689<br>1290 | 690<br>1291 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 16.2.1 | 6.2.6 | 25.1.3 | 14.1.7 | 4.1.5 |
| 2 | 18.3.3 | 7.3.1 | 24.2.5 | 13.2.2 | 3.2.7 |
| 3 | 16.4.4 | 5.4.2 | 25.3.6 | 14.3.3 | 4.3.1 |
| 4 | 16.5.6 | 5.5.4 | 24.4.1 | 13.4.5 | 3.4.3 |
| 5 | 14.6.7 | 3.6.5 | 23.5.2 | 12.5.6 | 2.5.1 |
| 6 | 14.7.2 | 3.7.7 | 22.6.4 | 11.6.1 | 1.6.6 |
| 7 | 12.8.3 | 1.8.1 | 21.7.5 | 10.7.2 | 30.6.7 |
| 8 | 11.9.5 | 31.8.3 | 20.8.7 | 9.8.4 | 30.7.2 |
| 9 | 10.10.6 | 29.9.6 | 18.9.1 | 7.9.5 | 28.8.3 |
| 10 | 9.11.1 | 29.10.6 | 18.10.3 | 7.10.7 | 27.9.5 |
| 11 | 8.12.2 | 27.11.7 | 16.11.4 | 5.11.1 | 26.10.6 |
| 12 | 7.1.4 | 27.12.2 | 16.12.6 | 5.12.3 | 25.11.1 |

| 139 | 691<br>1291—1292 | 692<br>1292—1293 | 693<br>1293—1294 | 694<br>1294—1295 | 695<br>1295—1296 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 24.12.2 | 12.12.6 | 2.12.4 | 21.11.1 | 10.11.5 |
| 2 | 23.1.4 | 11.1.1 | 1.1.6 | 21.12.3 | 10.12.7 |
| 3 | 21.2.5 | 9.2.2 | 30.1.7 | 19.1.4 | 8.1.1 |
| 4 | 22.3.7 | 11.3.4 | 1.3.2 | 17.2.6 | 7.2.3 |
| 5 | 20.4.1 | 9.4.5 | 30.3.3 | 19.3.7 | 7.3.4 |
| 6 | 20.5.3 | 9.5.7 | 29.4.5 | 18.4.2 | 6.4.6 |
| 7 | 18.6.4 | 7.6.1 | 28.5.6 | 17.5.3 | 5.5.7 |
| 8 | 18.7.6 | 7.7.3 | 27.6.1 | 16.6.5 | 4.6.2 |
| 9 | 16.8.7 | 5.8.4 | 26.7.2 | 15.7.6 | 3.7.3 |
| 10 | 15.9.2 | 4.9.6 | 25.8.4 | 14.8.1 | 2.8.5 |
| 11 | 14.10.3 | 3.10.7 | 23.9.5 | 12.9.2 | 31.8.6 |
| 12 | 13.11.5 | 2.11.2 | 23.10.7 | 12.10.4 | 30.9.1 |

| 140 | 696<br>1296 - 1297 | 697<br>1297 - 1298 | 698<br>1298 - 1299 | 699<br>1299 - 1300 | 700<br>1300 - 1301 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 30.10.3 | 19.10.7 | 9.10.5 | 28.9.2 | 16.9.6 |
| 2 | 29.11.5 | 18.11.2 | 8.11.7 | 28.10.4 | 16.10.1 |
| 3 | 28.12.6 | 17.12.3 | 7.12.1 | 26.11.5 | 14.11.2 |
| 4 | 27.1.1 | 16.1.5 | 6.1.3 | 26.12.7 | 14.12.4 |
| 5 | 25.2.2 | 14.2.6 | 4.2.4 | 24.1.1 | 12.1.5 |
| 6 | 27.3.4 | 16.3.1 | 6.3.6 | 23.2.3 | 11.2.7 |
| 7 | 25.4.5 | 14.4.2 | 4.4.7 | 23.3.4 | 12.3.1 |
| 8 | 25.5.7 | 14.5.4 | 4.5.2 | 22.4.6 | 11.4.3 |
| 9 | 23.6.1 | 12.6.4 | 2.6.3 | 21.5.7 | 10.5.4 |
| 10 | 23.7.3 | 12.7.7 | 2.7.5 | 20.6.2 | 9.6.6 |
| 11 | 21.8.4 | 10.8.1 | 31.7.6 | 19.7.3 | 8.7.7 |
| 12 | 20.9.6 | 9.9.3 | 30.8.1 | 18.8.5 | 7.8.2 |

| 141 | 701<br>1301 - 1302 | 702<br>1302 - 1303 | 703<br>1303 - 1034 | 704<br>1304 - 1305 | 705<br>1305 - 1306 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 6.9.4 | 26.8.1 | 15.8.5 | 4.8.3 | 24.7.7 |
| 2 | 6.10.6 | 25.9.3 | 14.9.7 | 3.9.5 | 23.8.2 |
| 3 | 4.11.7 | 24.10.4 | 13.10.1 | 2.10.6 | 21.9.3 |
| 4 | 4.12.2 | 23.11.6 | 12.11.3 | 1.11.1 | 21.10.5 |
| 5 | 2.1.3 | 22.12.7 | 11.12.4 | 30.11.2 | 19.11.6 |
| 6 | 1.2.5 | 21.1.2 | 10.1.6 | 30.12.4 | 19.12.1 |
| 7 | 2.3.6 | 19.2.3 | 8.2.7 | 28.1.5 | 17.1.2 |
| 8 | 1.4.1 | 21.3.5 | 9.3.2 | 27.2.7 | 16.2.4 |
| 9 | 30.4.2 | 19.4.6 | 7.4.3 | 28.3.1 | 17.3.5 |
| 10 | 30.5.4 | 19.5.1 | 7.5.5 | 27.4.3 | 16.4.7 |
| 11 | 28.6.5 | 17.6.2 | 5.6.6 | 26.5.4 | 15.5.1 |
| 12 | 28.7.7 | 17.7.4 | 5.7.1 | 25.6.6 | 14.6.3 |

| 142 | 706<br>1306 - 1307 | 707<br>1307 - 1308 | 708<br>1308 - 1309 | 709<br>1309 - 1310 | 710<br>1310 - 1311 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 13.7.4 | 3.7.2 | 21.6.6 | 11.6.4 | 3 |
| 2 | 12.8.6 | 2.8.4 | 21.7.1 | 11.7.6 | 3 |
| 3 | 10.9.7 | 31.8.6 | 19.8.2 | 9.8.7 | 24.7 |
| 4 | 10.10.2 | 30.9.7 | 18.9.4 | 8.9.2 | 21.1 |
| 5 | 8.11.3 | 29.10.1 | 17.10.5 | 7.10.3 | 26 |
| 6 | 8.12.5 | 28.11.3 | 16.11.7 | 6.11.5 | 26 |
| 7 | 6.1.6 | 27.12.4 | 15.12.1 | 5.12.6 | 24 |
| 8 | 5.2.1 | 26.1.6 | 14.1.3 | 4.1.1 | 24 |
| 9 | 6.3.2 | 24.2.7 | 12.2.4 | 2.2.2 | 21 |
| 10 | 5.4.4 | 25.3.2 | 14.3.6 | 4.3.4 | 21 |
| 11 | 4.5.5 | 23.4.3 | 12.4.7 | 2.4.5 | 21 |
| 12 | 3.6.7 | 23.5.5 | 12.5.2 | 2.5.7 | 21 |

| 143 | 711<br>1311 - 1312 | 712<br>1312 - 1313 | 713<br>1313 - 1314 | 714<br>1314 - 1315 | 715<br>1315 - 1316 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 20.5.5 | 9.5.3 | 28.4.7 | 17.4.4 | 7.4.2 |
| 2 | 19.6.7 | 8.6.5 | 28.5.2 | 17.5.6 | 7.5.4 |
| 3 | 18.7.1 | 7.7.6 | 26.6.3 | 15.6.7 | 5.6.5 |
| 4 | 17.8.3 | 6.8.1 | 26.7.5 | 15.7.2 | 5.7.7 |
| 5 | 15.9.4 | 4.9.2 | 24.8.6 | 13.8.3 | 3.8.1 |
| 6 | 15.10.6 | 4.10.4 | 23.9.1 | 12.9.5 | 2.9.3 |
| 7 | 13.11.7 | 2.11.5 | 22.10.2 | 11.10.6 | 1.10.4 |
| 8 | 13.12.2 | 2.12.7 | 21.11.4 | 10.11.1 | 31.10.6 |
| 9 | 11.1.3 | 31.12.1 | 20.12.5 | 9.12.2 | 29.11.7 |
| 10 | 10.2.5 | 30.1.3 | 19.1.7 | 8.1.4 | 29.12.2 |
| 11 | 10.3.6 | 28.2.4 | 17.2.1 | 6.2.5 | 27.1.3 |
| 12 | 9.4.1 | 30.3.6 | 19.3.3 | 8.3.7 | 26.2.5 |

| 144 | 716<br>1316 - 1317 | 717<br>1317 - 1318 | 718<br>1318 - 1319 | 719<br>1319 - 1320 | 720<br>1320 - 1321 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 26.3.6 | 16.3.4 | 5.3.1 | 22.2.5 | 12.2.3 |
| 2 | 25.4.1 | 15.4.6 | 4.4.3 | 24.3.7 | 13.3.5 |
| 3 | 24.5.2 | 14.5.7 | 3.5.4 | 22.4.1 | 11.4.6 |
| 4 | 23.6.4 | 13.6.2 | 2.6.6 | 22.5.3 | 11.5.1 |
| 5 | 22.7.5 | 12.7.3 | 1.7.7 | 20.6.4 | 9.6.2 |
| 6 | 21.8.7 | 11.8.5 | 31.7.2 | 20.7.6 | 9.7.4 |
| 7 | 19.9.1 | 9.9.6 | 29.8.3 | 18.8.7 | 7.8.5 |
| 8 | 19.10.3 | 9.10.1 | 28.9.5 | 17.9.2 | 6.9.2 |
| 9 | 17.11.4 | 7.11.2 | 27.10.6 | 16.10.3 | 5.10.1 |
| 10 | 17.12.6 | 7.12.4 | 26.11.1 | 15.11.5 | 4.11.3 |
| 11 | 15.1.7 | 5.1.5 | 25.12.2 | 14.12.6 | 3.12.4 |
| 12 | 14.2.2 | 4.2.7 | 24.1.4 | 13.1.1 | 2.1.6 |

# ھۆرمەتلىك كىتابخان

ژۇرنىلىمىز ئاساسەن مەكتىۋىمىزنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىلمىي ژۇرنال بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇرۇن جامائەت رايىنى سىناپ كۆرۈشكە پۇرسەت تاپالمىغان ئىدۇق. جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تېخىمۇ چوڭراق تۆھپە قوشۇش، ژۇرنال سۈپىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن بۇ ئانكېتىنى ئەۋەتتۇق. پىكىر-تەلەپلىرىڭىزنى يوللاپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىسىم فامىلىسى | | يېشى | | مىللىتى | |
| خىزمەت ئورنى ( ئادرېسى ) | | | | | |
| مۇشتەرى بولغان ۋاقتى | | قىزىقىدىغان سەھىپىسى | | | |
| پىكىر ۋە تەلەپ: | | | | | |
| تارقا بەتتىكى سىزىقچە بويلاپ قاتلاپ ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ ( ماركا چاپلانمايدۇ ) | | | | | |

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە تەگمەدۇ

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报（哲学，社会科学维文季刊）

(پەسىللىك ژۇرنال)

1985 - يىل 2 - سان

(ئومۇمىي سانى 22)




خەن دەۋرىدىن قالغان ئەۋرغولدىكى تاش قەلئە

فېڭ فېي فوتوسى


| | | | |
|---|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى: | شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى | مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: | مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتىخانىلار |
| باسقۇچى: | شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇدى | تارقاتقۇچى: | ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى |

ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58 باھاسى: 0.40 يۈەن